هېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى

# توغرىلىق ۋە راستچىللىق ھەققىدە

# ھېكمەتلەر



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېكى ئادرېسى

ھېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى

# توغرىلىق ۋە راستچىللىق ھەققىدە

# ھېكمەتلەر

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچىلەر: ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
ئايشەمگۈل ئايۇپ
جۈرئەت نىياز
بىلىقىز مۇھەممەت



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

关于真善的格言:维吾尔文/阿迪力·穆罕默德主编. 一乌鲁木齐:新疆美术摄影出版社:新疆电子音像出版社,2008.8
(经典格言系列丛书)
ISBN 978—7—80744—425—1

Ⅰ.关... Ⅱ.阿... Ⅲ.格言—汇编—世界—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.H033

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 122092 号

丛 书 名　经典格言系列丛书
本册书名　关于真善的格言
策　　划　穆拉提·伊力
主　　编　阿迪力·穆罕默德
编　　者　艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯
阿依夏木古丽·阿尤甫
居来提·尼亚孜
贝丽克孜·穆罕默德
特约编辑　阿米娜·克奇克
责任编辑　艾尼瓦·库迪力克
责任校对　克尤木·吐尔逊
出　　版　新疆美术摄影出版社
新疆电子音像出版社
地　　址　830000 乌鲁木齐市西虹西路 36 号
发　　行　新疆新华书店
印　　刷　新疆新博文印刷有限责任公司
开　　本　880×1230mm 1/32
印　　张　3 印张
字　　数　51 千字
版　　次　2008 年 8 月第 1 版
印　　次　2008 年 8 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978—7—80744—425—1
定　　价　9.90 元
(书中如有缺页,错页及倒装请与工厂联系)

www.uyghurkitap.com

# تۈزگۈچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، قايسى بىر دانىشمەن «دۇنيا دانىشمەنلەرنىڭ ئېلكىدىدۇر» دېگەن ئىكەن. دەرۋەقە دۇنيا دانىشمەنلەرنىڭ ئەقىل-پاراسەت جەۋھەرلىرى بىلەن ئۆز مەنىدارلىقىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر مۇتەپەككۇرلارنىڭ كىشىلىك ھايات يەكۈنلىرى بولغان ھېكمەتلىك ئىبارىلەر زامان-زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قىممىتى يوقىماس گۆھەردەك نۇر چېچىپ، خەلقنىڭ مەنىۋىيىتىنى تويۇندۇرۇشىدىكى خورىماس بۇلاق بولۇپ كەلدى. ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ھېكمەتلىك ئىبارىلىرى پارچە-پارچە مەنبەلەردە ئېلان قىلىنغان ياكى قىسقىچە توپلام ھالىتتە نەشر قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما مەزمۇن بويىچە ئايرىم-ئايرىم توپلام قىلىنمىغان ئىدى. بۇ قېتىم بىز ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان ۋە تۈرلۈك ئەسەرلەردە تىلغا ئېلىنغان ھېكمەتلىك سۆزلەرنى توپلاپ، مەزمۇن بويىچە تۈرگە ئايرىپ «ھېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى» دېگەن نام ئاستىدا 50 يۈرۈش كىتاب قىلىپ تۈزۈپ چىقتۇق. ئىشىنىمىزكى، بىزنىڭ بۇ كىچىككىنە ئەمگەكىمىز خەلقىمىزنىڭ تارىختا ئۆتكەن ھەرقايسى ئەل مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ دۇنيا قارىشى بىلەن تونۇشۇشىدا، شۇنداقلا ئۇنىڭدا ئىپەتىلگەن ھايات تەجرىبىلىرى ئارقىلىق ئۆز مەنىۋىيىتىدىكى بوشلۇقلارنى تولدۇرۇشىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدۇ.

توغرا ئەرنىڭ تىلى بىلەن دىلى ۋە سۆزى بىردەك بولىدۇ. ئى-
چى تېشىدەك ۋە تېشى ئىچىدەك (بولىدۇ)، چىن ۋە توغرا كىشى ئەنە
شۇنداق بولىدۇ.

يۇسۇپ خاس هاجىپ

بەختلىك (بولۇپ)، يۈكسىلىش ئۈچۈن كىشىگە توغرىلىق
زۆرۈر.

يۇسۇپ خاس هاجىپ

توغرىلىق كىشىلىكنىڭ نامىدۇر.

يۇسۇپ خاس هاجىپ

ئادەم قىس - نادىر ئەمەس، (بەلكى) كىشىلىك قىستۇر، ئىن-
سانلار ئاز ئەمەس، (بەلكى) توغرىلىق ئازدۇر.

يۇسۇپ خاس هاجىپ



كىشى قەدىرلىك ئەمەس، بەلكى كىشىلىك قەدىرلىكتۇر، ئە-
قىل - ئىدراك توغرا، چىن كىشىلەرنىلا ماختايدۇ.

يۇسۇپ خاس هاجىپ

توغرا بول، دۇرۇس هەرىكەت قىل، شادلىق توغرىلىق ئىچىدە

بولىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

توغرا مىجەزلىك كىشى ھەر ئىككى دۇنياغا ئىگە بولىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

كىشى كۆڭۈللىرىنىڭ ھالاۋەتلىك ئۆتۈشىنى خالىسا، بۇنىڭ ئامالىنى توغرىلىقتىن ئىزدىسۇن.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

بۈيۈكلۈكنى ۋە خەلققە باي بولۇشنى ئىستىسەڭ، ئۆزۈڭ ئۈچۈن توغرىلىق يولىنى ئاچ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

ئىنسان خۇش مۇئامىلە، مىجەزى توغرا بولسا، ئىككى دۇنيادا كۆڭلى يورۇيدۇ.



يۇسۇپ خاس ھاجىپ

تىلىڭدىن يالغان سۆزلەرنى چىقارما، ئەر يالغان سۆزى بىلەن ئۆزىنى قەدىرسىز قىلىدۇ.

يۇسۇپ خاس ھاجىپ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

توغرىلىق، ھايا ۋە ياخشى ئىش ـ ھەركەت — بۇ ئۈچى (كىمدە) بىرلەشسە، ئۇ شادلىققا ئېرىشىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىشى ئۈچۈن پايدىسىز، زىيان كەلتۈرگۈچى مۇنۇ ئۈچ نەرسىدۇر: بىرى جاھىللىق، يامان مىجەز بولسا، يەنە بىرى يالغان سۆز توقۇش، يەنە بىرى كىشىنى پەسلەشتۈرگۈچى بېخىللىقتۇر. بۇ ئۈچىنىڭ ھەممىسى نادانلارغا خاس.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىمكى يالغانچىلىق بىلەن نام چىقارسا، بىلگىنكى خەلق ئىچىدە ئۇنىڭ ئابرۇيى كېتىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ



توغرىلىق دەپ ئېيتىشىدۇ، ئۇ توغرىلىق قايسى؟ (ئۇ) ئاماـ نەتكە خىيانەت قىلمىغۇچىدۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىشىلەر ئىچىدە كامىل ئەركەك كىم؟ مىجەزى توغرا بولسا،

ئۇنى (كامىل) ئەر دېسە بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بايلىق ۋە دۇنيانىڭ ياخشى (نېمەتلىرىنى) تىلىسەڭ، ئۇنىڭغا توغرىلىق بىلەن ئېرىشەلەيسەن. يەنە بىر دۇنياغىمۇ ئېرىشەي دېسەڭ، (ئۇنى) چىن ۋە توغرىلىق بىلەن قولغا كەلتۈر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

بۇ دۇنيادا ئۆزۈڭگە بايلىق تىلىمەكچى بولساڭ، توغرا (ئادەم) بول، توغرا سۆز قىل.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

توغرىلىق ۋە چىنلىقنى ئۆزۈڭگە ھەمراھ قىل، ھەرقانداق ئىشنى ئادەمگەرچىلىك بىلەن ئىشلە.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

يالغانچى كىشىلەر ۋاپاسىز بولىدۇ، ۋاپاسىز كىشى خەلققە نالايىق ئىشلارنى قىلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ۋاپا كىشى ئۇچۇن ئادىمىيلىكنىڭ بېشىدۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

سۆزى يالغاننىڭ قىلمىشى جاپادۇر، كىم (بىراۋغا) جاپا قىلسا ئۇ ھايۋاندۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

يالغانچى كىشىدىن ۋاپا كۈتمە، بۇ كۆپ يىللار مابەينىدە سى-نالغان سۆزدۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئۇرۇقى ساپ كىشىلەر ئىش ـ ھەرىكەتتە مۇلايىم بولىدۇ، ۋاپا بىلەن قۇچاق قوينىنى ئاچىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ



ناپاك كىشىلەرگە دائىم شېكەر ۋە يىلىك يېدۈرسەڭمۇ، (ئۇ-نىڭ) قىلمىشى (يەنىلا) ۋاپاسىزلىق، جاپا (بولىدۇ).

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

توغرىلىق بىر سەرمايە، بارچە ياخشىلىق پايدىدۇر. بۇ پايدا

www.uyghurkitap.com

بىلەن مەڭگۈ لەززەتكە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئىنسان توغرا بولسا، كۆنى ياخشى ئۆتىدۇ، كۆنى ياخشى ئۆتسە، بەخت ـ دۆلىتىمۇ مەڭگۈ بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

توغرا بولمىغان كىشى خۇي ـ پەيلىنى تۈزىتەلمەيدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

مەرد كىشى ۋاپا قىلىدۇ، يامانلار جاپا (قىلىدۇ).

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىم سۆزىدىن يانسا، بەختىمۇ ئۇنىڭدىن يانىدۇ، قاچىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىشىلەرنىڭ يامىنى يالغان سۆزلەيدۇ، يامانىنىڭ ئەڭ يامىنى ۋەدىسىدىن يانىدىغانلاردۇر.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئەگرىلەر ئارىسىدا توغرا (كىشىنىڭ) كۆنى تار بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

كىم يامانلىق قىلسا، (ئۆز) يولىدا پالاكەتكە ئۇچرايدۇ، قىيامەت كۈنى توغرىغا توغرىلىق ھەمدەم بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

ئۆزگەرمەي توغرا تۇر، دىلىڭنى توغرا تۇت، توغرا (ئادەم) ئىككىلا دۇنيادا ئادالەتكە ئېرىشىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

يالغانچى كىشى بىلەن دۇنيا بۇزۇلىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

توغرا بول، توغرىلىق يولىدىن ئاداشما، بۇ يول ئارزۇ ـ تىلەككە يەتكۈزىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ



توغرا سۆزلە، ۋەدەڭ تولۇق (ۋە) ئىشەنچلىك بولسۇن، نادان كىشىلەرنىڭ ۋەدىسى يالغان بولىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

لاياقەتسىز ئورۇنباسارلارنىڭ شاھتا بولمىغان خۇسۇسىيەتلىرىنى بايان قىلغىنى يالغان.

ئەلىشىر نەۋائىي

يالغانچى—ئادەم ئەمەس، يالغان سۆزلەش ياخشىنىڭ ئىشى ئەمەس، گۆھەرنى تاش قاتارىدا كۆرگەندەك، يالغان سۆز كىشىنى ئېتىبارسىز قىلىۋېتىدۇ، راست سۆزنى يالغانغا قاتقانلىق گۆھەرنى نىجاسەتكە ئاتقانلىق بولىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائىي

سۆزنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ، ئەمما، يالغاندىن يامانراق تۈرى يوقتۇر.

ئەلىشىر نەۋائىي

يالغانچى نادانراق ئىشتىكۈچىنى تاپسا، يالغاننى راستقا ئۆتكۈزەلىسە، مەقسىتىگە يەتكەن بولىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائىي

سۆزنىڭ يالغانلىقى بىلىنگەندە، سۆزلىگۈچى ئۇياتتا قالىدۇ،

يالغاننى راستتەك سۆزلىيەلەيدىغان سۆزمەن كۆمۈشكە ئالتۇن بىلەن ھەل بېرىدىغان زەرگەرگە ئوخشاشتۇر.

ئەلىشىر نەۋائىي

بىرسىگە يالغان بىلەن تۆھمەت قىلغان كىشى ئۆزىنىڭ قارايغان يۈزىنى داغلىغان بولىدۇ، يالغان سۆز ئاز بولسىمۇ گۇناھدۇر، زەھەرنىڭ مىقدارى ئاز بولسىمۇ، ئادەمنى ئۆلتۈرىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائىي

راست سۆزدە پاساھەت بولمىسىمۇ، راستچىللىقنىڭ ئۆزى ئۇ سۆزنىڭ زىنىنىتىدۇر. يالغانچى سۆزنى ياساپ ئېيتقانسېرى، ئۇنىڭ سۆزى شۇنچە خۇنۈكلىشىدۇ؛ راست سۆز تەكەللۇپسىز ئېيتىلسىمۇ، ئۇنىڭ ساددىلىقى بىلەن قايىل قىلىش كۈچى يوقالمايدۇ. گۈلنىڭ كىيىمى يىرتىق بولسىمۇ، گۈزەللىكىگە زىيان يەتمەيدۇ. گۆھەرنى قوپال قاچىغا قاچىلاپ قويسىمۇ، قىممىتىگە نۇقسان يەتمەيدۇ. يالغانچىنىڭ سۆزىگە ئاقىل پىسەنت قىلمايدۇ. يالغانچىنىڭ سۆزىگە قايىل بولۇش ئەقىلسىزلىقتۇر.

ئەلىشىر نەۋائىي

يالغان سۆزلىگۈچى پىكىر قىلىشتىن ۋە ئېھتىيات

www.uyghurkitap.com

قىلىشتىن چەتنىگۈچىدۇر. سۆز راست بولمىسا، راستچىللارنىڭ كۆڭلى ئۇنى قوبۇل قىلماس، يالغانچى سۆزنى بىر ـ ئىككى قېتىم ئۆتكۈزەلىسىمۇ، يالغانچىلىق ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، رەسۋاسى چىققاي، ئەل كۆڭلىدىن سۆزنىڭ ئېتىبارى قاچقاي.

ئەلىشىر نەۋائىي

تۈلكىنىڭ ھىيلىگەرلىكى ۋە مەككارلىقى ئۇۋلىنىشىغا سەۋەبچى بولغىنىدەك، خىلمۇخىل ھىيلە ـ مىكىرلەر خىلمۇخىل كىشەن ۋە تۇزاقلارنى پەيدا قىلىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائىي

مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ساپ دىل، توغرا سۆزلۈك بول، ئىشنى ئادىللىق بىلەن قىل. مەسىلىنى ھەققانىي بىر تەرەپ قىلمايدىكەن ئۇ ھەل قىلىش قىيىن بولغان بىر تۈگۈنگە ئايلىنىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائىي

ئەگەر نەسىھەت قىلغۇچىنىڭ مەقستى غەرەزسىز ھالدا كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىشلا بولسا، ئۇنداق كىشىنىڭ دەرىجىسى دۇنيادا تەڭداشسىز بولىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائىي

ئەگەر سەن خاتىرجەملىكنى ئارزۇ قىلساڭ، ئالدى بىلەن غەم ـ ئەندىشە ۋە پەرىشانلىقنى تۈگەت. كىمنىڭ كۆڭلىدە غەم ـ ئەندىشە بولمايدىكەن، ئۇ ئاداققىچە كۆڭلى ئازادە، خاتىرجەم ياشايدۇ.

ئەلىشىر نەۋائىي

يالغانچى كۆپچىلىك تەرىپىدىن ئەقىللىق ۋە توغرا سۆزلۈك دەپ قارالسىمۇ، ھامان بىر كۈنى ئۆلپەتلىرى ئىچىدە ئۆز سۆزى بىلەن يالغانچىلىقىنى ئاشكارىلايدۇ.

ئەلىشىر نەۋائىي

خەلقپەرۋەر، ئادىل شاھلار ھەققانىي ئىش يۈرگۈزۈش ئارقىلىق، خەلققە ئۆچمەس تۆھپە يارىتىپ، يۇرتنى ئاۋات، خەلقنى باياشات قىلىدۇ. ئادالەتسىز، زالىم شاھلار ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىپ، خەلقنى خانىۋەيران قىلىش بەدىلىگە ئۆزىنىڭ تويماس نەپسى ئۈچۈن بايلىق توپلايدۇ.

ئەلىشىر نەۋائىي

توغرا ئىش قىلغان كىشى زامانىنىڭ ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇپ

ئۇيغۇركىتاپ www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئۆزىگە خەۋپ يېتىشىدىن ئەندىشە قىلمايدۇ.

ئەلىشىر نەۋائىي

توغرا قارىغا ئىلىنىپ ئېتىلغان ئوق يەر شارىئىتىنىڭ ئېيى گىز - پەس بولۇشىدىن قەتئىينەزەر دەل نىشانغا تېگىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائىي

توغرا قاراشقا ئىگە كىشىنىڭ ئىشى توغرا، سىزغان سىزىقى تۈز بولىدۇ. قولى ئەگرى كىشىنىڭ سىزغان سىزىقىمۇ ئەگرى ۋە ئۆزى ئوغرى بولىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائىي

كۆمۈرگە قول تىققان كىشىنىڭ قولى قاپقارا بولغاندەك، نا- چار ئادەملەر بىلەن ئۈلپەت بولغان كىشىگىمۇ يامانلىق يۇقىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائىي



تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن توغرا ۋە ئادىل ئىش قىلىمەن دېگەن كىشى ئۈچۈن ئىككى خىل ئۇسۇلنىڭ بولۇشى زۆرۈر. ئۇنىڭ بىرسى، كىمنىڭ سۆزى توغرا بولىدىكەن، ئۇنداقتا ئۇ قىلمىغاننى قىلدىم دېمەسلىكى، كۆرمىگەننى كۆردۈم دېمەسلىكى لازىم؛ يەنە

بىرسى، بىر كىشىنىڭ يالغان سۆزلەۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇۋاتـ
سىمۇ ئۇنىڭغا دەرھال ئاشكارا ئىنكاس قايتۇرماستىن، بەلكى تە-
كەللۇپ سۆزلەر بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى ياساپ، ئۇنى كىشىلەرنىڭ
كۆز ئالدىدا خىجىل قىلماسلىق كېرەك. بۇ ئۇسۇلنىڭ ئاۋۋالقى-
سىنى ناھايىتى ياخشى دېسەك، كېيىنكىسىنىمۇ يامان ئەمەس دې-
يىشكە بولىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائىي

دۇنيادا ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان سۇلتانلار پىكىر ۋە مۇلاھىزىگە باي
بولۇشى، يامانغا يامان، ياخشىغا ياخشى بولۇشى لازىم. مانا بۇ سەلـ
تەنەت ئەھلىلىرىنىڭ ئالاھىدە ئىش سەنئىتىدۇر.

ئەلىشىر نەۋائىي

بىرەر كىشى ئەگەر ئىزچىل يالغان سۆزلەپ كەلگەن بولسا، ئۇ
خەلقئالەم ئالدىدا قەسەم ئىچىپ، سۆزۈم راست دېسىمۇ، ئۇنىڭ
سۆزلىرىگە ھېچكىم ئىشەنمەيدۇ.



ئەلىشىر نەۋائىي

ئادالەتپەرۋەر پادىشاھنىڭ ئادىل سىياستى ئارقىلىق قولغا
كەلگەن ھاكىمىيىتى خەلقنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، مۇقىملىققا

www.uyghurkitap.com

ئىگە بولىدۇ. ئۇنىڭ ھەققانىيەتنى ياقلىغۇچى قوشۇنلىرىنىڭ ئادالەتلىك ئۇرۇشلىرى خەلققە خاتىرجەملىك ۋە بەخت ـ سائادەت پەرۋەر بولغاچقا، مەڭگۈلۈك پاراۋان ھايات ۋە خاتىرجەملىكنىڭ كاپالىتى بولالايدۇ.

ئەلىشىر نەۋائىي

دائىم راست سۆزلەيدىغان كىشى تاسادىپىي ياكى بىرەر سەۋەنلىك بىلەن يالغان سۆزلەپ قالسىمۇ، كىشىلەر ئۇنى يەنىلا سەمىمىي، راست سۆزلۈك كىشى دەپ قارايدۇ.

ئەلىشىر نەۋائىي

نەي تۈز بولغاچقا دەردمەنلەر ئۇنى مۇڭ ـ زارلىرىنى ئىپادىلەيدىغان، دەردلىك كۆڭۈللىرىنى خۇش قىلىدىغان نەرسە دەپ قاراپ، ئۇنى ياقتۇرىدۇ. تار ئەگرى بولغىنى ئۈچۈن ئۇنى زەخمەك بىلەن چېكىدۇ.



ئەلىشىر نەۋائىي

يالغانچى دەپ تونۇلغان كىشىنىڭ راست سۆزىمۇ يالغان بولىدۇ. ئۇنداقتا ئۇنىڭ يالغانچىلىقى راست سۆزىگە قانداقمۇ

گۇۋاھ بولالىسۇن!

ئەلىشىر نەۋائىي

يالغانچىلىق — قەبىھ ئىللەت.

م. كانتېن

يالغانچىلىق مەغرۇرلۇقتىن يامان.

ژ. رېنار

يالغانچىلىق ياۋۇزلۇقنىڭ دەل ئۆزى.

ۋ. ھيۇگو

ئەگەر يالغانچىلىقمۇ ھەقىقەتكە ئوخشاش بىر خىل بولغاندا ئىدى ئەھۋالىمىز خېلى يېنىكلىشەتتى. ئۇ ھالدا بىز يالغان سۆز- لەۋاتقان ئادەمنىڭ گېپىنى تەتۈر چۈشىنىپ قوياتتۇق. لېكىن ھەقىقەتنىڭ تەتۈرسى بولغان يالغانچىلىقنىڭ مىڭلىغان كۆرۈ- نۈشى بار ۋە ئۇنىڭ چەك - چېگراسى يوق.

م. مانتېن

ئادەم خاتالاشقان چاغدا ھەرقانداق ئادەم ئۇنى سېزىدۇ. ئەمما

ئالداۋاتقاندا بولسا ھەممە كىشى سېزىپ كېتەلمەيدۇ.

ئى. گيوتې

يالغانچى —ئىنسان دەپ ئاتىلىشقا لايىق ئەمەس.

ف. فېنيلون

يالغانچىلىق ئىرادىسىز يۈرەكنى، پاراسەتسىز ئەقىل بولسا بۇزۇق خاراكتېرنى پاش قىلىپ بېرىدۇ.

ف. بېكون

ھەممىدىن بەك مەن قورقۇنچاقلىق ۋە ئاجىزلىق سەۋەبىدىن توقۇلغان يالغاندىن نومۇس قىلىمەن.

ئا. ئى. كۇپرىن

يالغانچىلىق ۋە ھىيلە ـ مىكىر — ئەخمەقلەر ۋە قورققاقلار ئۈچۈن پاناھتۇر.

ف. چېستېرفېلد

ئۆز ۋىجدانىنى ئالداش — ئىنساننىڭ ھاياتىدىكى تەشۋىشنىڭ كەڭ تارقالغان ۋە ئەڭ قەبىھ كۆرۈنۈشىدۇر.

ل. ن. ئاندرېيېف

يالغانچى يالغۇز ياشىيالمايدۇ.

ئى. ئى. خېمنتسېر

يالغانچىلىققا ئۆگەنگەن ئادەم ئىشتىمۇ، بىكارچىلىقتىمۇ يالغان سۆزلەۋېرىدۇ.

ئى. ئى. خېمنتسېر

مەلۇم ۋاقىت ھېيلە ـ نەيرەڭ بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرگەن ئادەم، ئەمدى ئۇنداق قىلماي تۇرالمايدۇ: قالغان نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا زېرىكىشلىك كۆرۈنىدۇ.

ج. لابريويېر

يالغانچىلىق ھاراقكەشلىككە ئوخشايدۇ. يالغانچى ئۆلۈۋاتقاندىمۇ يالغان سۆزلەپ ئۆلىدۇ.



ئا. پ. چېخوف

كۆك پىت — مايسىنى، دات ـ تۆمۈرنى، يالغان بولسا قەلبنى يەيدۇ.

ئا. پ. چېخوف



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئىنسانىنى ئەنە شۇ يالغانچىلىق خورلايدۇ.

ئو. بالزاك

يالغانچىلىقنىڭ دائىمىي ھەمراھى — مۇغەمبەرلىك.

ژ. لوكك

يالغانچىلىق ھاياتقا تىرەك بولمايدۇ.

ن. ك. كروپسكايا

ئاجىزلارنىڭ كۆچى ھىيلە ـ نەيرەڭدە.

ۋ. شېكسپېر

ساختا نەرسە ھېچقاچان پىششىق بولمايدۇ.

پ. بۇئاست

يالغان بىقەدىر قىلار ئادەمنى،
يالغان شەرمەندە قىلار ئادەمنى.

سەئدى

ئەڭ يامان يالغان كۆپىنچە سۈكۈت بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

ر. ستىۋېنسون

چالا ھەقىقەت يالغاندىن خەۋپلىك؛ چالا ھەقىقەتكە قارىغاندا يالغاننى ئاجرىتىش ئاسان، چالا ھەقىقەت بولسا بىلىنمەسلىك ئۈ-چۈن، ئىككى ھەسسە كۈچلۈكرەك نىقاب كىيىۋالىدۇ.

ت. گىپپىل

چالا ھەقىقەتنى پاش قىلىش تولۇق يالغاننى پاش قىلىشتىن ئىككى ھەسسە قىيىن.

ئو. ئو. مەئەللى

ھەقىقەتلەر ئىچىگە كىرىپ قالغان بىرلا يالغان ھەممىسىنى گۇمانغا قالدۇرىدۇ.

پ. بۇئاست



ئالداۋاتقان ئادەم زىممىسىدە قانچىلىك ئېغىر يۈك بارلىقىنى ئويلىمايدۇ، چۈنكى ئۇ بىر يالغاننى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۇ يەنە يىگىرمە قېتىملاپ يالغان سۆزلەيدۇ.

ئا. پوپ

ئەگەر سىز پەقەت بار سۆزنى ئېيتسىڭىز، باشقا نەرسىلەرنى ئويلاپ ئولتۇرۇشىڭىز شەرت ئەمەس.

مارك تۋېن

ئەلۋەتتە، چۈشەنمەسلىكتىنمۇ يالغان سۆزلەپ قويۇش مۇمكىن، ئەمما «يالغانچى» دېگەن چۈشەنچە قەستەن يالغان سۆزلەش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

پ. پاسكال

يالغان سۆزلەۋاتقىنىڭنى سەزگەن ھامان تىلىڭنى يىغساڭ ھېچقاچان كېچىكمەيسەن.

ئا. ديۇما (ئوغلى)

چىنلىق، ياخشىلىق، گۈزەللىك مەيلى كەڭلىك تۇتاشمىلىق جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى قاتلاملىق جەھەتتىن بولسۇن بىر ـ بىرىگە تايىنىدۇ، بىر ـ بىرىنى شەرت قىلىدۇ، چىنلىق—ياخشىلىق بىلەن گۈزەللىكنى مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. ياخشىلىق—چىنلىق بىلەن گۈزەللىككە ئاساسلانغان بولىدۇ. چىنلىق بىلەن ياخشىلىقتىن ئايرىلغان گۈزەللىكنى ياكى ئىجتىمائىي، مەنىۋى



www.uyghurkitap.com

گۈزەللىكنى تەسەۋۋۇر قىلىش مۇمكىن ئەمەس.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

خاتالىقلارنى تېپىش ئۇنى مۇئەييەنلەشتۇرۇش ياكى ئۇنىڭغا نىسبەتەن غەيرىي تارىخىي پەخىرلىنىش ئۇچۇن ئەمەس، بەلكى ئىنسانىيەتنىڭ بىلىش ئىقتىدارىنىڭ مېۋىسى بولغان ھەقىقەتنى داۋاملىق راۋاجلاندۇرۇش ئۇچۇندۇر.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

بىلىش يولىدىكى خاتالىقلارنىڭ يول بەلگىلىرى ۋە ئاچچىق ساۋاقلىرى بولمىسا ھەقىقەت پادىشاھلىقىغا ئۇنۇملۇك يېتىپ بې-رىش قىيىن. بۇ نۇقتىدىن، خاتالىقلارنىڭ مۇئەييەن بىلىش قىم-مىتى بولىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن



ئەخلاقىي كاتېگورىيە بولغان ياخشىلىق ئۆزىنىڭ ساقلىنىش ماكانى بولغان قەلبتە گۈزەللىك تۇسكە كىرىدۇ. ئېستېتىكىلىق كاتېگورىيە بولغان گۈزەللىك غەيرىي ماددىي ھالەتتىكى ئىنسان قەلبىدە ياخشىلىق شەكلىدە گەۋدىلىنىدۇ. ئەمما بۇنىڭدىن

گۈزەللىك ۋە ياخشىلىق كاتېگورىيىلىرى ئەزەلدىن بىر پۈتۈن، گۈزەللىك خۇددى ياخشىلىقتەك ئىنسان پەيدا بولغاندىن كېيىن پەيدا بولغان بىر خىل ئاڭ شەكلى، ئۇ ئىنسان ئېڭى ئارقىلىق ماددىي دۇنياغا بېرىلگەن «سىر»، «رەڭ»، «بوياق» دېگەن مەنە كېلىپ چىقماسلىقى لازىم.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قاتلاملىق ئېستېتىكا»دىن

مەن قاقاقلاپ كۈلىمەن. مەن ياخشىلىقلار ئىلاھىنىڭ ئالەمشۇمۇل كۈلكىسىنى تەكرارلايمەن.

ئۇ كائىنات قەلبىنىڭ گەۋدىسى!

ئىنسانىيەتنىڭ شاھىتى!

كەلگۈسىنىڭ ئۈمىدى!

ئۇ ئۆز ئىشىنى ئاخىرلاتقان جەھەننەمنى جەننەتكە ئايلاندۇرىدىغان ھەقىقىي باغۋەن!

ئۇ دېڭىز قارىنىدىكى مارجانلارنىڭ جۇلاسى!

مەن موھتاجلىق ۋە قۇلچىلىق دۇنياسى ھېچقانداق ساختا نىقابسىز ئۇلۇغ ئىنسانىيەت باھارىغا ئايلىنىپ تارىخنىڭ تەنتەنىسىنى ئۆتكۈزگىنىدە بۇ كۈلكىنى يەنە تەكرارلايمەن.

بۇنىڭغا گۇمانلىنىش ئالەمنى ئۇنتۇغانلىق.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دىن

ئەكس سادا چىقارمايدىغان ئاۋاز، يامغۇر بولۇپ قۇيۇلمايدىغان هور، ئۆزىگە يانمايدىغان ساداق بولمايدۇ، سەن ئەڭ بىزار بولغان نەرسە، سەندىنمۇ ئەڭ بىزار. قاينامدەك مۇرەككەپ هاياتتا، ئەقىل-لىقىم، ياخشىلىقلارنىڭ ئۇرۇقىنى چاچ، ۋەھىمە ئايۋىنىدا غال - غال تىترىمە!

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دىن

ئۆز مىللىتىدىن چىققان ۋە باشقا مىللەت خەلقىگە زومى-گەرلىك، ئىستىبلاچىلىق قىلغان ئەبلەخنى مەنىۋى گۈزەللىك بې-غىنىڭ پەشتىقىغا ئولتۇرغۇزۇپ قەسىدە ئوقۇش — ئادەم گۆشى يەيدىغان ياۋايى قەبىلىلەر مەنتىقىسىنى هازىرقى زامان دۇردۇنلىرى بىلەن يوپۇقدىغانلىق. ئۇ بىرلا ۋاقىتتا ئۆز خەلقى ۋە باشقا خەلق-لەرگە قىلىنغان ئاسىيلىق. ئۆز تىلىدا سۆزلىشىدىغان ۋەھشىي زالىمنى غەيرىي تىلدا سۆزلىشىدىغان ئاۋام خەلقتىن ئەزىز كۆر-ستىش ئەخلاق ۋە مەنتىق ھېسابلانسا، پەقەت ھېلىقى ۋەھشىي زالىمنىڭ ئاغىچىسىغا مۇناسىپ ئەخلاق ۋە مەنتىق. ئۇ ئالدىنىپ

www.uyghurkitap.com

تۇرغۇچىنىڭ ئالدىشى.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دىن

ياخشىلىقنىڭ يامانلىق ئۈستىدىكى غەلىبىسى قىيامەت سورىقى ياكى ئەيسانىڭ قايتا ئالەمگە كېلىشى بىلەن ئۆزىنى جاكارلىمايدۇ. ئۇ تارىخىي غەلىبە، ئۇ ئىنسانىيەت تەقدىرىنىڭ مەنتىقىي غەلىبىسى ۋە دراملىق غەلىبىسى. ئۇنىڭ ئىشتىراكچىلىرىغا قىزىقمەن. ھەشەمەتلىك ھەرەم خانىشلىرى بىلەن مىسكىن سەگەزچى كېلىنلىرى ...بۇ تەقدىر دراممىسىدا ئوخشاشلا بىر خىل ھەقىقەتنىڭ ئىسپاتلىنىشىغا خىزمەت قىلىدىغان پېرسوناژ. مەن خالاي ـ خالىماي، زوقلىناي ـ بىزار بولاي، رەقىب ۋە رەپىقلىرىمنىڭ تەقدىر دراممىسىدىكى رولىغا قىزىقىمەن. بۇ ئىروگىلىفلارسىز، بۇ گاما ئاھاڭلىرىسىز، بۇ رەڭ ـ بوياقلىرىسىز تەقدىر كىتابى، قىسمەت مۇزىكىسى، ھايات سۈرەتلىرى قانداقمۇ ھاسىل بولالىسۇن...



ئا. مۇھەممەتئىمىن: «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دىن

ياخشىلىق بىلەن گۈزەللىك بىر نەرسە ئەمەس، ئومۇمەن خاھىشنى قانائەتلەندۈرۈش، ياخشىلىقنىڭ ئىشى؛ بىلىش ۋە

كىشىنى خۇشال قىلىش گۈزەللىكنىڭ ئىشى:

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ئومۇمىي ئېستېتىكا» دىن

ئۇلۇغلار ئېيتىپتۇركى، سۆز چىمەنزارلىقىدا راستچىللىق گۇللىرىنى ئېچىلدۇرۇشنى كۆزلىگەن ھەر قانداق كىشى ئۆز نۇتقىنى يالغانچىلىق تىكىنى بىلەن زىننەتلىمەسلىكى لازىم، ئەگەر بۇنداق بولغاندا، قىلغان بايانىغا كىشى ئىشەنمەيدىغان ھالەت يۈز بېرىدۇ.

موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

ئەگەر بىر ئۆيدە ئوت يانسا، ئۇنىڭدىن چىققان تۈتۈنگە ئەجەبلىنىشنىڭ ھاجىتى يوق، ئەگەر ئۇ ئۆيدە ئوت بولماي، پەقەت تۈتۈنلا چىقسا، ئۇ ئۆينىڭ تاملىرىنى بۇزۇۋېتىش كېرەك.

موللا سىدىق يەركەندى

كۆڭۈل ئەينىكى غۇبارسىز بولسا، ئۇنىڭدا يارنىڭ دىدارى كۆرۈنىدۇ.



مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

توغرا ئىش قىلغان كىشى ئەندىشىدىن خالىي بولىدۇ.

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

نەيزە تۈز بولغاچقا، بېشى ئۈستۈندۇر، كەمەندە (سالغۇ) ئەگرىلىكى سەۋەبىدىن خار ۋە پەستۇر، شام چىراغ تۈزلۈك سەۋەبىدىن مەجلىس سورۇنلىرىغا نۇر ۋە زىننەت بېغىشلاپ قەدىرلىنىدۇ، ئەگرىلىكنى تاشلىماق ۋە تۈزلۈك بىلەن ئىش قىلماق كىشىنى بەختكە ئېرىشتۈرىدۇ.

ئېمىر ھۈسەيىن سەبۇرى

ئەقىدىلىك بولغىنىكى، قارا كۆڭۈل بولما، سەمىمىي بولغىنىكى، ئىككى يۈزلىمىلىك بولما.

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

ھەرقانداق ئادەم راستلىقنىڭ تەكتىگە يېتىشنى تىلىسە ۋە كىشىلەرنى سەمىمىيەت بىلەن رازى قىلىمەن دېسە، ئۇ مۇنداق ئىككى شەرتكە ئىگە بولۇشى لازىم. بىرى، سۆزى توغرا، تۈز بولۇشى، سۆزىلا ئەمەس، ئۆزىمۇ تۈز بولۇشى ھەمدە يالغاننى تەئەسسۇپ بىلەن توغرا دېمەسلىكى لازىم. يەنە بىرى، سۆزدە ئېھتىياتچان بولۇشى، سۆزنى چىنلىق گۆھەرلىرى بىلەن تولدۇرۇپ سۆزلىشى لازىم.

ئېمىر ھۈسەيىن سەبۇرى

راست گەپ ئىغىز ۋە تىلنىڭ بېزىكىدۇر، راست گەپ قىلىپ، تىلىڭنى بېزە.

ئەھمەد يۈكنەكى

زەرلىك ئەتلەس ئاز، ئەرزان بۆز كۆپ بولغىنىدەك، ئادەتتە ھەزىل كۆپ، لېكىن نادىر ۋە ساپ يۈز ئاز بولىدۇ.

ئەھمەد يۈكنەكى

تاشقى كۆرۈنۈشتىكى زىبۇ زىننەت مەسخىرىۋازلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس، مەسخىرىلەشكە تېگىشلىك زىبۇ زىننەتتىن ھېچبىر كىشىگە ئىپتىخار كەلمەيدۇ.

ئېمىر ھۈسەيىن سەبۇرى

كامان ئەگرىلىكى تۈپەيلىدىن شاھ يېنىدىن جاي ئالىدۇ، ئوق ئەسلىي رۇسلىقىدىن ئۇزاقلارغا بېرىپ چۈشىدۇ.

يەقىنى



سودىگەرنىڭ ئوزۇقى ھالال بولسا، يول ئۈستىدە يەيدۇ.

مەھمۇد قەشقەرى

www.uyghurkitap.com

تەدبىر بىلەن قىلىنغان ئىش ياخشى ئىش، قەھرى ـ غەزەپ بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ.

موللا سىدىق يەركەندى

پۈختا قەدەملىك بولۇش بەرىكەت دەرىخىنىڭ مېۋىسى، نىجاتلىق ۋە خۇشاللىقنى نەتىجىگە ئېلىپ بارىدىغان ئامىلدۇر. ھەر قانداق مەخلۇق ئۆز قەدىمىنى پۈختىلىق ئىچىگە سالسىلا، ئۇنىڭدىن بىسيار ھوسۇل ۋە مەنپەئەت ئالالايدۇ، ھەر قانداق كىشى پۈختىلىقنى ئۆزىگە يار قىلماي تۇرۇپ، نىجاتلىق يولىغا قەدەم قويالمايدۇ.

موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

ھەر كىم ئېھتىياتچانلىقنىڭ ئالتۇن لىباسىنى كىيسە، دۈشمەنىنىڭ ھىيلە ـ مىكىر ئوقىدىن خالىي بولىدۇ، ھوشيار كىشى يىراققا نەزەر تاشلايدۇ، ئۆزىنى پىتنە ـ پاسات ئوقىغا تاشلىمايدۇ. جاھىل كىشى — بالايىئاپەت گىردابىغا يەتمىگۈچە غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغانمايدۇ، چېقىمچىلىق قىلىپ، كىشىلەر ئارىسىغا ئاداۋەت ئوتلىرىنى يېقىپ، كۆڭۈل خانىمانىنى ئۆرتەشكە قەست قىلىدۇ، لېكىن ئاقىل كىشىلەر بۇنداق ئەھۋالغا قارىتا

ئېھتىياتچان پوزىتسىيە تۇتۇپ، دۈشمەنگە بىلدۈرمەي، بولىدىغان زىياننىڭ ئالدىنى ئېلىشقا چارە ـ تەدبىر قوللىنىدۇ.

«ھېكمەتلىك سۆ zلەر»دىن

يېنىكلىك يادىن چىققان ئوققا ئوخشاشتۇر. سالماقلىق قىلىچقا ئوخشاشتۇر، چۈنكى قىلىچنى خالىسا چاپقىلى، خالىمىسا، قولدا قالدۇرۇپ، زەرەر يەتكۈزمىگىلى بولىدۇ، يېنىكلىك ھېچ ۋاقىتتا ھۆكۈمەت ئەھلىنىڭ مىجەزىگە غەزەپلىك ھالىتىدەك مۇناسىپ ئەمەستۇر.

موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

ئۆزىنى ئەقىل ئىگىسى ھېسابلىغان ھەر قانداق كىشى ھەر قانداق ئىشتا ئېھتىياتچان بولۇشى كېرەك، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىگە پىكىر يۈرگۈزۈش كېرەك، مۇبادا ئۇ كىشىنىڭ ئاقىۋىتى زىيان ـ زەخمەتلىك بولىدىغان بولسا، ئەھۋال شۇ دەرىجىگە يەتمەستىن بۇرۇن، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە بۇنىڭدىن ساقلىنىش لازىم، بولۇپمۇ بۇ خىسلەت ھۆكۈمەت ئەھلىگە بەكرەك لازىمدۇر.

موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

قەتئىيلىك بىلەن ئەقىلگە سىغمايدىغان يۈكسەك ئىمارەتلەر

پۈتكۈسى، بۇنىڭ ئەكسىچە سۇسلۇق ـ لامزەللىكتىن دۆلەت بىنا-
ناسىغا ۋەيرانلىق يەتكۈسى.

موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

تاغنى سالما بىلەن ئەگكىلى بولمايدۇ، دېڭىزنى قېيىق بىلەن پۈككىلى بولمايدۇ.

مەھمۇد قەشقەرى

ئوۋچى قانچىلىك ھىيلە بىلسە، ئېيىقمۇ قېچىش ئۈچۈن شۇنچە يول بىلىدۇ.

مەھمۇد قەشقەرى

ئەي ئوغۇل! ھەممە خالايىق مىنى ھۆرمەت قىلسۇن، مەندىن تارتىنسۇن دېسەڭ، زىنھار يالغان سۆزلىمىگىن، يالغانچى ئادەم مىڭلاپ شەمشەر بىلەن ئۆزىنى مۇھاپىزەت قىلسىمۇ، يالىڭاچلى-نىپ تۇرغان مىڭلاپ قىلىچلار ئۇنىڭ شان ـ شەۋكىتى ۋە قۇدرى-تىنى قوغدىسىمۇ، لېكىن، ئۇنىڭ تىلىدا راستچىللىقنىڭ جەۋھىرى بولمىغانلىقتىن، خالايىق ئالدىدا ئېتىبارسىز ۋە سالاھىيەتسىزدۇر.

موللا مۇھەممەد تۆمۈر قەشقەرى

پىلىك ئوت يېقىشقا پىلتە بولسىمۇ، ئەمما، ئۇ ئوت بىلەن بىللە كۆيىدۇ، كىشى يىلاندىن زەخىملەنسە، شۇ زەخىمنىڭ ئۆزى يىلاننىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىگە سەۋەب بولىدۇ.

موللا سدىق يەركەندى

يامان بىلەن ياخشىنى تەڭ ئورۇنغا قويسا، بۇ ھال ياخشىنى ئۇيات ـ نومۇسقا قالدۇرىدۇ.

مۇھەممەد ئىمىن خىرقىتى (گۇمنام)

كىشىگە زىيان سالغۇچىلار زەھەرلىك چايانغا ئوخشايدۇ.

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

ئۆز ئۆمرۈڭنى يامان بىلەن ئۆتكۈزسەڭ، ھايات چىرىغىڭنى ئۆچۈرگەن بىلەن ئوخشاش.

مۇھەممەد ئىمىن خىرقىتى (گۇمنام)



شىشە ۋە ئەينەكنى دەسسەپ سۇندۇرغۇچى ئۆز پۇتىنى زەخىملەندۇرگەندەك، ئەلگە، زىيانكەشلىك قىلىشقا ئادەتلەنگەن كىشى ئەلگە زىيانكەشلىك قىلالماستىن، ئەكسىچە، ئۆزگە

جەبرى قىلىدۇ.

ئېمىر ھۈسەيىن سەبۇرى

يامانلارغا يېقىن يولىما، چۈنكى يامانلارنىڭ گەپلىرى سېنى تېزدىنلا يامان قىلىقلىق قىلىپ قويىدۇ.

ئەھمەد يۈكنەكى

كىمكى كىشىلەرنى قەستلىسە، ئۇ مۇناپىقتۇر.

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

بىر زەرەر ئوغىمۇ كىشىنى ئۆلتۈرىدۇ، بىر زەرەر ئوتمۇ بەدەننى كۆيدۈرىدۇ.

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

يامانلار بىلەن ھەرگىز ھەمسۆھبەت بولما، ئۇلارنىڭ سۆھبىتى پىتنە قوزغاتقۇچى قاتىلدۇر.

موللا ئەلەم شەھيار



كىمنىڭ يارى (ئۇلپىتى) يامان بولسا، ئۇ ئاشۇ ياماندىن مىڭلارچە زىيان ـ زەخمەت كۆرىدۇ.

ئەھمەد خوجامنىياز ئوغلى قسۇرى

يامان نىيەتلىك كىشىلەردىن ھەمىشە ئېھتىيات قىل، ئېھ-
تىياتسىزلىق نادانلىقنىڭ ئالامىتىدۇر.

مۇھەممەد سىدىق بەرشىدى

كىمكى بىراۋغا ئورا قازسا، ئۇنىڭ گۇناھى ئۆزىنى شۇ ئورىغا
ئىتتىرىدۇ.

مىرزا مەھمۇد جۇراس

يامانلار بىلەن بىر يەردە بولۇشتىن قاچ، ئۇلارنىڭ سۆھبىتى
جان ئالغۇچى زەھەردۇر.

موللا ئەلەم شەھيار

ھەرقانداق ئىشنىڭ مۇكاپاتى بولىدىغانلىقى راست، يامانلىق-
نىڭ مۇكاپاتى يامانلىقتۇر.

موللا مۇسا سايرامى



دىل ئازارلىق يولى شۇملۇقنى كەلتۈرىدۇ.

ئايازبېك قۇشچى

يامانغا ياخشىلىق قىلىش ئۆز يولىغا ئورا قازغانلىقتۇر.

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

www.uyghurkitap.com

ھايۋان سۈپەت شەخسلەرنىڭ قولىدىن ياخشىلىق تەمە قىلىش بۇغا مۈڭگۈزىدىن گۈل ئېچىلىشنى ئارزۇ قىلغانغا ئوخشاشتۇر.

ئېمىر ھۈسەيىن سەبۇرى

يالغانچىلىق ئىنساننى ئاپەت تۈزىقىغا گىرىپتار قىلغۇچىدۇر، شۇڭا يالغاننى تاشلاپ، راستچىللىق، ساداقەت يولىغا كىرمەك لازىم.

ئېمىر ھۈسەيىن سەبۇرى

يالغان ئېيتقۇچى لەنەت ۋە كۈلپەتتىن قۇتۇلالمايدۇ.

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

ئاڭلىغاننىڭ ھەممىسىنى تەھقىقلەپ كۆرمەستىن، سۆزلەۋېرىش يالغانچىلىقتا دەلىلدۇر.

ئەھمەد خوجامنىياز ئوغلى قىسۇرى



كىمكى راستچىل بولمىسا، يالغانچىلىقى ئۇنىڭ رىزقىنى كېمەيتىدۇ.

مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللا خاراباتى

دانا دەيدۇ: نائەھلى بىلەن بوستان ئارا سۆھبەتتە  بولغۇچە، زىنداندا ئىچىدە يالغۇز تۇرغان ئەۋزەلدۇر.

زىبۇننىسا

تېزەك قاردا ياتماس، ياخشى يامانغا قېتىلماس.

مەھمۇد قەشقەرى

كىمە ھەيدىيەلمىگەن دەريانى ئەگىم دەيدۇ، ئۇخلىيالمىغان تەكىيە قىڭغىر دەيدۇ.

مەھمۇد قەشقەرى

بۇ دۇنيادا ھەممىلا ئادەمنىڭ ھەق بىلەن ناھەقنى ئايرىپ كېتەلىشى ناتايىن. ئىشنىڭ ئەلمى ـ تەلمىنى ئۇقمايدىغانلار نۇرغۇن. ئۇنداق كىشىلەرگە ھېسداشلىق ۋە غەمخورلۇق قىلىش لازىم. ئوغلۇم، ناۋادا ئىمكانىيەت بولسا ئاشۇنداقلار بىلەن چىن كۆڭلۇڭدىن سىردىشىپ، ئۇلارغا توغرا تەپەككۇر ئۇسۇلىنى كۆرسىتىپ بەرگىن. ئۇلارنى ھەرگىزمۇ مازاق قىلما ھەم ئەيىبلىمە. مۇشۇنىڭ ئۆزى ئەڭ توغرا ئۇسۇلدۇر.

لورد چېستېرفېلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

يالغانچى ئادەملەر كۆپىنچە قارشى تەرەپكە ئۆزىنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىنى ئاشكارىلاپ قويۇشنى خالىمايدۇ. ياكى ئۇلار ئالا كۆڭۈل، قورقۇنچاق، شۆھرەتپەرەس كېلىدىغانلىقى ئۈچۈن، يالغان گەپ بىلەن ئۆزىنى قوغدىماقچى بولىدۇ.

لورد چېستېرفىلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

يالغان گەپ بەزىدە باشقىلارنى زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىتىدۇ. بىراق، ھەقىقىي ئەھۋال ئاشكارىلانغاندىن كېيىن، زىياننىڭ چوڭىنى تارتىدىغىنى ئاشۇ يالغانچىنىڭ ئۆزى. چۈنكى شۇنىڭدىن باشلاپ باشقىلار گېپىڭگە ئانچە ئىشەنمەيدىغان بولىدۇ. بۇنىڭ بىلەن پەزىلىتىڭگە داغ چۈشىدۇ.

لورد چېستېرفىلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

بەزىلەر نام - ئابرۇيىنىڭ يامان تەسىرگە ئۇچراپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، قىلغان - ئەتكەنلىرىگە باھانە - سەۋەب تېپىش مەقسىتىدە يالغان سۆزلەيدۇ. ئۇ ئادەم دەككە - دۈككە ئىچىدە ئۆتىدۇ. دېمەك، يالغانچىلىق ئاقىۋەتتە يالغان سۆزلىگەن ئادەمنىڭ ئۆزىنى خارلىققا قويىدۇ.

لورد چېستېرفىلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

ھەرقانداق ئادەمنىڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويىدىغان چاغلىرى بولىدۇ. ئەگەر ئاشۇ خاتالىقنى ئېھتىياتسىزلىقتىن ئۆتكۈزۈپ قويغان بولساڭ، ئۇنى يالغان گەپ بىلەن يوشۇرۇپ يۈرگەندىن كۆرە، ئىشنىڭ ئەينىنى راستچىللىق بىلەن دېگىنىڭ تۈزۈك. بۇ — خاتالىقنى تۈزىتىشنىڭ بىردىنبىر يولى، شۇنداقلا كەچۈرۈم سوراشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى.

لورد چېستېرفېلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

ناۋادا سەن ئۆتكۈزۈپ قويغان خاتالىق، سەۋەنلىكلىرىڭنى يوشۇرساڭ، ئۆزۈڭگە قىلچە پايدىسى يوق. ئەكسىچە ئۆزۈڭگە نۇرغۇن ئاۋارىچىلىقلارنى تېپىۋالىسەن. ئۆزۈڭنىڭ يالغانچىلىقلىرىمنى باشقىلار بىلىپ قالمىسىكەن، دېگەن ئەندىشىلىرىڭ ئۆزلۈكىدىنلا باشقىلارنىڭ كۆزىگە چېلىقىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىل ئەندىشىلىك روھىي ھالەت سېنى ئېغىر دەككە - دۈككىگە سالىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئىشلىرىڭنى دېگەندەك ياخشى تاماملىيالمايسەن. بۇ ھال سېنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئىمكانىيىتىڭنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ.

لورد چېستېرفېلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

www.uyghurkitap.com

يالغانچىلىق — نومۇس. پەقەت راستچىل ئادەملەرلا باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە ۋە ئۇزۇن مۇددەتلىك مۇۋەپپەقىيەتكە نائىل بولالايدۇ. شۇڭا، مەنپەئىتىڭ زىيانغا ئۇچرىغان تەقدىردىمۇ يالغان سۆزلىمە. بۇ نۇقتىنى ئېسىڭدە مەھكەم تۇت.

لورد چېستېرفېلد: «ئەزىمەتلەردىن بول ئوغلۇم» دىن

ھەرقانداق چاغدا يالغان گەپ يۈز قېتىم تەكرارلانسا راستقا ئايلىنىدۇ. كۆپلىگەن ئادەملەر ياغاچ قازاندا بىر قېتىم ئاش پىشۇرۇدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. يالغانچىلىق بىلەن باشقىلارنى ئالدىغان ۋاقتىڭىزدا ئۆزىڭىزنىڭ كېيىنكى ئاقىۋىتىڭىزنى ئويلاپ قويۇڭ.

«ھاياتىڭىزغا تەسىر كۆرسىتىدىغان پەلسەپىۋى مەسىللەر» دىن

ئىنسان ئاق كۆڭۈللۈك تۈپەيلىدىن بەزىدە سەۋەنلىك ئۆتكۈزۈپمۇ قويىدۇ.

«بېكون كىشىلىك ھايات ھەققىدە» دىن

بىر خىل ئىدىيە يالغان بولغان تەقدىردىمۇ يەنىلا بىزگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، پەقەت بىز ئۇنىڭ راستلىقىغا ئىشەنسەكلا.

«ياشلارغا سوۋغات» تىن

ئاغزى قايماق،

كۆڭلى مايماق.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئالدامچىنىڭ بۆكى كۆپ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئالدامچىنىڭ ئۇستازى تۈلكە،

خۇشامەتچىنىڭ دەسمايىسى كۈلكە.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئەسكى جاڭگالنىڭ تۈلكىسى كۆپ،

تەخسىكەشنىڭ كۈلكىسى (كۆپ).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

—ئىنساپ دېگەن نېمە؟ — دەپ سوراپتۇ بىرى بوزۇرگـمېهردىن.



—ئىنساپ —ئادەم ئۆزىگە نېمىنى راۋا كۆرسە، باشقا كىشىلەرگىمۇ شۇنى راۋا كۆرۈشتۇر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بوزۇرگمېهر.

—ئەڭ ياخشى ئادەم كىم؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىرىنچى تور بېكىتى

—ئەقىللىق ئادەم.

—قانداق كىشىنى ئەقىللىق كىشى دېسە بولىدۇ؟

—ئەقىللىق ئادەم ئۆيلىماستىن بىرەر ئىشقا كىرىشمەيدۇ.

—بىلىمنى نېمە بېزەيدۇ؟ شىجائەتنىچۇ؟ سېخىيلىقنىچۇ؟

—بىلىمنى توغرىلىق، شىجائەتنى ئەپۇ قىلىش، سېخىيلىقنى ئوچۇق كۆڭۈللۈك، شېرىن سۆزلۈك بېزەيدۇ.

—ئىنساننىڭ ھاياتىدا ئەڭ مۇھىم بولغان ئارزۇ ـ تىلىكى نېمىلەردىن ئىبارەت؟

—ساق ـ سالامەتلىك، پاراۋان تۇرمۇش ۋە خاتىرجەملىكتۇر، —دەپتۇ بوزۇرگمېھر.

«تېببىي ۋە تەربىيىۋى ھېكايەتلەر» دىن

كۆنلەردىن بىرىدە ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ھەربىي باشلىقلىرى بىلەن كېڭەش ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. ئۇلاردىن بىرى ئىسكەندەرگە قاراپ دېدى:

—تەڭرى تائالا ساڭا بىھېساب مال ـ مۈلۈك ئاتا قىلدى. بۇنىڭدىن كېيىن سەن خوتۇنلىرىڭنىڭ سانىنى كۆپەيتكىن، كۆپ پەرزەنتلىك بولىسەن. سەندىن يادىكار بولۇپ قالىدىغان نەرسە —پەرزەنت.

ئىسكەندەر جاۋاب بەردى

—خوتۇننى كۆپەيتكەن ئادەم جۇملەئى جاھان ئۈستىدىن غە-لىبە قىلغان ھېسابلىنىدۇ،بەلكى خوتۇنلار ئۈستىدىن غالىب ھېسابلىنىدۇ. يادىكارلىق پەقەت پەرزەنتلا ئەمەس، بەلكى ياخشى نام، توغرىلىق ۋە ئادىللىق بولۇش كېرەك.

«تېببي ۋە تەربىيۋى ھېكايەتلەر» دىن

مۇستە رەشىد خەلىپە ئوغلىغا قالدۇرغان ۋەسىيەتنامىسىدە مۇنداق يېزىپتۇ: «ئەي ئوغلۇم، ئەگەر ھەممە كىشى مېنى ھۆرمەت قىلسۇن دېسەڭ، بىر قېتىممۇ، ھەتتا بىر ئېغىزمۇ يالغان سۆز قىلمىغىن. چۈنكى يالغان سۆز ئېيتقۇچىلار ئىناۋەتسىز ۋە ھەي-ۋەتسىزدۇر. گەرچە ئۇنىڭ ئەتراپىدا شەمشەر تۇتقان مىڭلارچە پا-سىبانلار كېچە ـ كۈندۈز ھەيۋەت بىلەن تۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ تىلىدا راستچىللىق بولمايدىكەن، ئۇ بەربىر كىشىلەر نەزىرىدە ئاجىز ۋە بىچارە كىشىدۇر.»



ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان بىر كىشى ھەججاجغا يال-ۋۇرۇپ:

—مەن سىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدىم، ئەي پادىشاھ، مېنى ئۆلتۈرمىسىڭىز، —دەپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگىدى ئادرىسى

بۇنى ئاڭلىغان ھەججاج:

—ماڭا نېمە خىزمەت قىلدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ھېلىقى كىشى:

—سىزنىڭ قېشىڭىزدا دائىم سىزگە مەدھىيە قىلىپ يۈرگەن پالانى كىشى سىزنىڭ كەينىڭىزدە دۈشمەن بولۇپ غەيۋەت قىلدى. مەن ئۇنىڭ غەيۋەت تىلىنى توستۇم. سىزنىڭ تۆسۈپىڭىزنى قىلىپ، ئۇ غەيۋەتچىنىڭ تىلىنى يىغدۇردۇم، — دەپتۇ.

—بۇ توغرىدا سىنىڭ گۇۋاھىڭ بارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ھەججاج.

ئۇ كىشى:

—بار، —دەپتۇ ـ دە، شۇ نۆۋەتتە ئۆلتۈرۈلمەكچى بولغانلاردىن بىر ئەسىرنى كۆرسىتىپتۇ. بۇ ئەسىر گۇۋاھلىق بېرىپ:

—بۇ كىشى راست ئېيتىدۇ، شۇ چاغدا مەن ھازىر ئىدىم، بۇ كىشى بىر ئادەمنى سىزنىڭ غەيۋىتىڭىزنى قىلىشتىن توستى، — دەپتۇ.



ھەججاج ئۇ كىشىگە:

—ۋەقە ئۈستىدە سەنمۇ ھازىر تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن غەيۋەتچىنى توسۇشقا مەزكۇرغا ياردەملەشمىدىڭ؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئۇ كىشى:

—مەن سىزنى دۈشمەن تۇتاتتىم، ئۇنداق ئىكەن، مەن ئۇ كىشىنىڭ تىلىنى توسۇشقا ئەلۋەتتە ياردەم قىلالمايمەن، — دەپتۇ.

ھەججاج بۇلارنىڭ بىرىنىڭ خىزمەت كۆرسەتكەنلىكىنى ئىسپاتلىغانلىقتىن، يەنە بىرى راست سۆز قىلغانلىقتىن ھەر ئىككىلىسىنى ئۆلۈمدىن ئازاد قىپتۇ. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ ۋەقە كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ھېكايە بولۇپ قاپتۇ.

«تېببىي ۋە تەربىيىۋى ھېكايەتلەر» دىن

بۇرۇن بىر يۇرتتا ئۆمرىدە بىر قېتىممۇ راست گەپ قىلىپ باقمىغان، ھەر قاچان بارنى يوق، يوقنى بار دەيدىغان بىر يالغانچى ئادەم ئۆتكەنىكەن.

كۈنلەر ئۆتۇپ بۇ ئادەم ئاغرىپ قېلىپ، تالا - تۈزگە چىقالماس بولۇپ قاپتۇ - دە، بالىسىغا:

—ئەگەر بىرەرى مېنى ئىزدەپ كەلسە يوق دېگىن. سورىغانلارغا ساقايدى دەپ قويغىن، ئۆيگە ھېچكىم كىرمىسۇن، — دەپ جېكىلەپتۇ ۋە تېۋىپقىمۇ كۆرۈنمەي، ئۆيدە يېتىۋېرىپتۇ. نەتىجىدە بۇ ئادەمنىڭ كېسىلى كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىپ، ئۆلەر ھالەتكە كېلىپ قاپتۇ.

بۇ يۇرتتا نام ـ شۆھرىتى باشقا جايلارغا كەڭ تارقالغان بىر تېۋىپ بولۇپ، ئۇ ھەرقانداق كېسەللىكنى ساقايتىشقا ماھىر خەقنى كېسەل ئازابىدىن قۇتۇلدۇرۇشنى پەرز ۋە بۇرچى ھېسابلايدىغان كىشى ئىكەن. ئۇ نەدە كېسەل بولسا شۇ يەرگە بېرىپ، ئانچە بەك ھەق سورىۇشتۇرۇپ كەتمەي داۋالايدىكەن. بىر كۈنى بۇ تېۋىپ ھېلىقى يالغانچى كىشىنىڭ كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغانلىقىدىن خەۋەر تېپىپتۇ ـ دە، شىپالىق دورا ـ دەرمانلار بىلەن ئۇنىڭ قورۇ-سىغا يېتىپ كېلىپ ئىشىك قېقىپتۇ.

—بىرى كەلگەن ئوخشايدۇ، ئەگەر مېنى سورىسا، ئۆيدە يوق دېگىن، —دەپتۇ ھاياتى تۈگەش ئالدىدا تۇرغان يالغانچى ئادەم ئوغ-لىغا بۇيرۇپ.

ئوغۇل چىقىپ دەرۋازىنى ئېچىپتۇ.

—بالام، داداڭنىڭ ئەھۋالى قانداقراق؟

—ئۇزاقتىن بېرى كېسەللىك بىلەن ياتقانىدى. بۈگۈن بىرئاز ياخشىلانغانلىقتىن بازارغا بېرىپ كېلەي دەپ كەتتى، — دەپتۇ ئوغۇل راست گەپ قىلسا دادىسىنىڭ خاپا بولىدىغانلىقىنى بىلىپ، تېۋىپ بۇ گەپنى ئاڭلاپ قايتىپ كېتىپتۇ.

ئارىدىن بىرەر سائەت ۋاقىت ئۆتە ـ ئۆتمەي يالغانچى ئادەم ئۆ-

لۈپتۇ. ئوغلى يىغلاپ دادىسىنىڭ گېپىگە كىرىپ يالغان سۆزلى-
گىنىگە ناھايىتى پۇشايمان قىپتۇ ۋە يالغانچىلىقىنىڭ دادىسىنىڭ
ئۆلۈشىگە ھەم ئۆزىنىڭ يېتىم بولۇپ قېلىشىغا سەۋەب
بولغانلىقىدىن ساۋاق ئېلىپ راستچىل ئادەم بولۇشقا ئىرادە
باغلاپتۇ. ھېكمەت:

يالغاننى ئۆزۈڭگە ئادەت قىلساڭ، ياشىغىنىڭمۇ يالغان بولۇپ
قالىدۇ.

«تېببي ۋە تەربىيىۋى ھېكايەتلەر» دىن

بۇرۇنقى زاماندا، مەنزىرىسى گۈزەل، خەلقى ئاق كۆڭۈل بىر
يېزا بار ئىكەن. يېزا كىشىلىرى راستچىل، ئىناق بولغاچقا تۇر-
مۇشى باياشاتچىلىقتا ئۆتىدىكەن.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە تەقى - تۇرقى سەت، دوقا باش بىر سودىگەر
بۇ يېزىغا كېلىپ قاپتۇ. ئۇ بەكمۇ مەككار ئادەم بولۇپ، باشقىلارنىڭ
قولىدىن كىچىككىنە نەرسە بولسىمۇ يۇلۇۋېلىشنىڭلا كويىدا يۇ-
رىدىكەن، يالغانچىلىقتا ئۇچىغا چىققان ئىكەن. ئۇ بۇ يېزىدا دۇكان
ئاچقاندىن كېيىن يېزا خەلقى زىيان ئۈستىگە زىيان تارتىدىغان
بولۇپ قاپتۇ. ئۇلار قانداق قىلىپ بۇ مەككار سودىگەردىن قۇتۇلۇش
كويىدا ئامال ئىزدىشىپتۇ.

بۇ يېزىدا ياۋايى ھايۋانلارنى كۆندۈرىدىغان بىر ئادەم بولۇپ، بىر كۈنى بىرنەچچە يىگىتنىڭ ياردىمى بىلەن تاغدىن بىر ئېيىقنى تۇتۇپ كەپتۇ ـ دە، ئۇنى ئۆرە ماڭالايدىغان، «يارايدۇ» دېگەن سۆزنى ئېيتالايدىغان قىلىپ كۆندۈرۈپتۇ.

بىر بازار كۈنى، ئۇ ئېيىققا ئېسىل كىيىم ـ كېچەكلەرنى كىيدۈرۈپ، ئۆزى يوغان بىر خۇرجۇننى ئارتىپ، سودىگەرنىڭ دۇكىنىغا يېتىپ كەپتۇ. سودىگەر ئېيىقنىڭ بەستىنى ۋە ئۇستىشىنى كۆرۈپ، نەچچە ئېگىلىپ تەزىم قىپتۇ.

ھايۋان كۆندۈرگۈچى ئادەم سودىگەرگە:

—بۇ كىشى مېنىڭ خوجايىنىم ئېيىق بەگ بولىدۇ. بۇ كىشى يارىغان مالنى ئېلىۋېرىدىغان، سودىدا نەرخ تالاشمايدىغان ئادەم، قېنى ماللىرىنى كۆرسەتسىلە، — دەپتۇ ۋە ئېيىققا قاراپ:

—كۆرۈپ باقامىلا؟ — دەپ سوراپتۇ. ئېيىق بەگ:

—يارايدۇ! —دەپتۇ. «راستتىنلا چوڭ باي ئوخشايدۇ. بۇنىمۇ بىر قىسماققا دەسسىتىپ، تازا بىر باپلاي»، دەپ ئويلاپتۇ سودىگەر ۋە ئۆزاقتىن بېرى خېرىدارسىز قالغان بىر توپ رەختنى ئېلىپ راسا ماختاپتۇ.

—يارايدۇ! —دەپتۇ ئېيىقبەگ.

—رەختنى تۇتۇپ كۆرمەي يارايدۇ، دەۋاتامدۇ ماۋۇ ئەخمەق! پۇتۇن مېلىمنى كۆرسىتىپ، باھاسىنى ئۆستۈرۈپ سېتىۋالاي، دەپ ئويلاپتۇ سودىگەر ئىچ ـ ئىچىدىن خۇش بولۇپ.

—بۇ رەختنىڭ باھاسى ئەللىك تەڭگە، — دەپتۇ ئۇ بىر توپ رەختنى قولىغا ئېلىپ.

—يارايدۇ! —دەپتۇ ئېيىق بەگ.

سودىگەر ماللىرىنى كەينى ـ كەينىدىن كۆرسىتىپتۇ، ئې-يىقبەگمۇ قورسىقىنى سىلىغىنىچە «يارايدۇ!» دەۋېرىپتۇ. دۇكاندا مال تۈگەي دېگەندە، ھايۋان كۆندۈرگۈچى ئادەم ئېيىقبەگكە قاراپ:

—ماۋۇلارنى كىرا قىلىغاچ ھارۋىغا باسقاچ تۇرايلىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

—يارايدۇ! —دەپتۇ ئېيىق بەگ.

ھايۋان كۆندۈرگۈچى ئادەم ماللارنى ماڭغۇزۇۋەتكەندىن كېيىن، دۇكانغا كىرىپ:

—ھارۋىكەش مالنى چۈشۈرۈپ قويمىسۇن، مەن ماڭغاچ تۇراي، سىلە ھېسابلىشىپ قايتارلا، — دەپتۇ ئېيىق بەگكە.

—يارايدۇ! —دەپتۇ ئېيىق بەگ. ھايۋان كۆندۈرگۈچى ئادەم دۇكاندىن چىقىپ كېتىپتۇ. سودىگەر ئۇزاق ھېسابلىمايلا:

www.uyghurkitap.com

—پۇتۇن مالنىڭ باھاسى ئۈچ مىڭ بەش يۈز تەڭگە بوپتۇ، — دەپتۇ.

—يارايدۇ! —دەپتۇ ئىيىق بەگ.

—يارىشىدا گەپ يوق، ئەمىسە پۇلىنى تۆلىۋەتمەملا؟

—يارايدۇ!

سودىگەر غەزەپلىنىپ:

—«يارايدۇ!» نى خەجلىگىلى بولمايدۇ، پۇلىنى چىقارمامسەن؟ —دەپتۇ.

—يارايدۇ! —دەپتۇ ئىيىق بەگ.

سودىگەر ئاچچىقىدا ئىيىقبەگنى ئىشىك تاقايدىغان دەم بىلەن بىرنى ئۇرغانىكەن، ئىيىق بەگ: «يارايدۇ!» دەپ توۋلاپ سودىگەرنىڭ كاللىسىغا بىر مۇشت ئۇرۇپ مېڭىسىنىڭ قېتىقىنى چۇۋۇۋې-تىپتۇ ـ دە، تاغقا قاراپ يول ئاپتۇ.

سودىگەر ئۆلۈپتۇ، يېزا خەلقى يەنە خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈ-رۈشكە باشلاپتۇ.



ھېكمەت:

سەن ئۆزۈڭنىڭ كىچىككىنە ئۇستۇنلۇكىڭدىن پايدىلىنىپ مەككارلىق قىلساڭ، سەندىن ئازار يېگەن ئاجىز ھامان سەندىن غا-

لىپ كېلىپ، قىلغانلىرىغا پۇشايمان قىلدۇرىدۇ. شۇڭا سەمىڭدە بولسۇنكى، ھەر ئىشنى ھەللىسىدە قىلىشنى ئۆگەن.

«تېببىي ۋە تەربىيۋى ھېكايەتلەر» دىن

بۇرۇن مەلۇم بىر يېزىدا ئىككى ئاكا ـ ئۇكا ئوۋچى بولغانىكەن. ئاكىسى دائىم يالغان سۆزلەپ كىشىلەرنى ئىشەندۈرىدىكەن، ئىنىسى بولسا راستچىل ئىكەن. ئاكىسىنىڭ يالغان سۆزلەپ كىشىلەرنى ئىشەندۈرگىنىگە قاراپ، ئۇمۇ ئاكىسىنى دوراپ باققۇسى كەپتۇ ـ دە، بىر كۈنى ئوۋدىن قايتىپ ئەتراپىغا ئولىشىۋالغان كىشىلەرگە قاراپ:

— مەن بۈگۈن بىر كېيىكنىڭ كەينى تۇيىقىغا ئاتقانىدىم، ئوق كېيىكنىڭ قۇلاق تۈۋىدىن چىقىپ كەتتى، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان كىشىلەر «يالغان» دەپ چۇرقىرىشىپ كېتىپتۇ ۋە زادىلا ئىشەنمەپتۇ. ئىنىسىنىڭ ئوسال ئەھۋالدا قالغانلىقىنى كۆرگەن ئاكىسى دەرھال ئارىغا چۈشۈپ:



— راست ـ راست! ھېلىقى كېيىك ئارقا پۇتى بىلەن قۇلاق تۈۋىنى قاشلاۋاتقانىكەن. ئۇ دەللەپ ئېتىۋىدى، ئوق كېيىكنىڭ ئارقا پۇتىنىڭ تۇيىقىدىن كىرىپ، قۇلاق تۈۋىدىن چىقىپ كەتتى، — دەپ

يالغان گۇۋاھلىق بەرگەنىكەن، كۆپچىلىك بۇنىڭغا ئىشىنىپتۇ. ئاكىسىنىڭ بۇ ماھارىتىنى كۆرگەن ئىنىسى ئىچىدە: «ھەر قانداق ھۈنەرنى قىلىپ كۆرگەن كىشىلا، ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقالايدىكەن» دەپتۇ.

«تېبىبي ۋە تەربىيىۋى ھېكايەتلەر» دىن

ھەججاجنىڭ يېنىغا يەمەن ۋىلايىتىدىن بىر ئادەم كېلىپتۇ. ئۇ ھەججاجغا دادىل مۇئامىلە قىلىدىكەن، ئۇنىڭ سوئاللىرىغا مەردانىلىك بىلەن جاۋاب قايتۇرىدىكەن. ھەججاج يەمەن ۋىلايىتىدە ھاكىملىق قىلىۋاتقان قېرىندىشىنىڭ ئەھۋالىنى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

—قېنى، ئېيت، سىلەرنىڭ ھاكىمىڭلار — مېنىڭ قېرىندىشىم مۇھەممەت بىننى يۈسۈپنىڭ ئەھۋالى قانداق؟

—ئۆزى سېمىز، قەددى - قامىتى پىلدەك، رەڭگىرويى خورازدەك!

—مەن سەندىن ئۇنىڭ رەڭگىرويىنى ئەمەس، ئەدلى ئىنساپىنى سوراۋاتىمەن، —دەپتۇ ھەججاج.

—رەھىمسىز، قانخور، زالىم، پاسىق، ئەخلاقسىز!

—ئۇنداق بولسا، نېمىشقا ئۇنىڭدىن چوڭراق بىرىگە ئەرز



www.uyghurkitap.com

قىلىپ زۇلۇمدىن قۇتۇلمايسىلەر؟

—ئۇنىڭدىن چوڭراقى ئۇنىڭدىن ئۆتە زالىم بولسىچۇ؟

—مېنى تونۇمسەن؟

—ئەلۋەتتە تونۇيمەن، سەن ھەججاج بىننى يۇسۇپسەن، ئۇ سېنىڭ قېرىنداشىڭ بولىدۇ.

—بۇ گەپلەرنى قورقماستىن، ئەيمەنمەستىن ماڭا ئېيتتىڭ؟

—ھەق گەپنى قىلىدىغان ئادەم ناھەقتىن قورقمايدۇ...

«تېببىي ۋە تەربىيىۋى ھېكايەتلەر» دىن

بىر كۈنى لوقمان ھېكىمنىڭ يېنىغا بىر يىگىت ئەقىل سوراپ كىرىپتۇ. لوقمان ھېكىم كىچىك پېئىللىق بىلەن ئۇنىڭغا ئۈچ خىل ئەقىل ئۆگىتىپتۇ:

—بىرىنچى، مىڭنىڭ رەڭگىنى بىلگىچە بىرنىڭ ئىسمىنى بىل؛ ئىككىنچى، مېھمانغا بارغاندا تۆردە ئولتۇرۇپ قالساڭ، كېيىن كەلگەن مېھمانغا ئولتۇرغان ئورنۇڭنى بەرمە؛ ئۈچىنچى، يېنىڭدا ئولتۇرغان كىشىگە پىچىقىڭنى ھەرگىز بەرمە.

بىر كۈنى لوقمان ھېكىم ئەقىل سورىغان ياشنى چاقىرىپ، ئۆزى ئۆگەتكەن ئەقىلنى شۇ يىگىتتىن نەق مەيداندا سىناپ بېقىش قارارىغا كەپتۇ. لوقمان ھېكىم ھېلىقى يىگىتكە:

—مەن بىر دوستۇمنىڭ ئۆيىگە مېھمانغا بارای دەۋاتىمەن، بىللە بارغىن، — دەپ يولغا راۋان بوپتۇ. لوقمان ھېكىم ھېلىقى يىگىتكە، —بىز مېھمان بولىدىغان ئادەمنىڭ ئۆيىگە يېقىن قالغاندا سەن ئالدىنئالا بېرىپ خەۋىرىمنى يەتكۈزۈپ، ئۆي ئىگىسىدىن سۆيۈنچە سورا، كۆپ پۇل ھەم ئابروۋي تاپىسەن، — دەپتۇ. بۇ يىگىت لوقمان ھېكىمنىڭ ئىسمىنى سورىۋالمىغاچقىمۇ، ئۇنىڭ ئىسمىنى زادىلا بىلمەيدىكەن. شۇڭا بارىدىغان ئۆينىڭ ئالدىغا بېرىپلا:

—دوستلىرى كېلىۋاتىدۇ، — دەپ سۆيۈنچە ئالماقچى بوپتۇ. لوقمان ھېكىم بارماقچى بولغان ئۆي بىر پادىشاھنىڭ ئۆيى ئىكەن. پادىشاھ ھېلىقى يىگىتكە:

—ھەي بالا، مېنىڭ دوستلىرىم بەكمۇ كۆپ، كېلىۋاتقان مېھمان كىم؟ ئىسمى نېمە؟ — دەپتۇ. بالا بۇنىڭغا جاۋاب بېرەلمەپتۇ. پادىشاھ دەرھال ئۆز ئادەملىرىدىن بىرىنى ئۇقۇپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. بۇ ئادەم لوقمان ھېكىم ئىكەنلىكىنى پادىشاھقا تېزلا خەۋەر قىپتۇ. پادىشاھ خۇشاللىقىدا سۆيۈنچە مانا، دوستۇمنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ كەلگەن ئادەمگە مەنسۇپ، دەپ ھېلىقى كىشىگە كۆپ سۆيۈنچە ئىنئام قىپتۇ. ھېلىقى يىگىت سۆيۈنچىدىن قۇرۇق قاپتۇ. بۇ يىگىت شۇنداق قىلىپ بىرىنچى سىناقتىن ئۆتەلمەپتۇ.

پادشاھ لوقمان ھېكىمنىڭ دوستلىرىنى قىزغىن قارشى ئېلىپ تۆرگە تەكلىپ قىپتۇ، ھېلىقى يىگىتمۇ تۆردىن ئورۇن ئاپتۇ. يىراق - يېقىندىكى مۆتىۋەرلەر لوقمان ھېكىمنىڭ پادشاھ ئالىيلىرىنىڭ ئۆيىگە كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ، پادشاھنىڭ ئۆيىگە كەينى - كەيندىن كېلىشكە باشلاپتۇ. ھېلىقى يىگىت مۆتىۋەر كىشىلەرنىڭ سالاپىتىدىن، سالاھىيىتىدىن قورۇندى بولغاي، كىرگەنلەرگە تۆردىكى ئورنىنى بوشىتا - بوشىتا پەگاغا چۈشۈپ قاپتۇ. بۇ لوقمان ھېكىمنىڭ ئۆگەتكەن ئىككىنچى نەسىھەتى ئىدى. بۇ يىگىت ئىككىنچى نەسىھەتنىمۇ ئەمەل قىلالماپتۇ. مېھمانلارغا كاتتا داستىخان سېلىنىپ، گۆش - قېزا، پولۇ، مانتا، قورداق - كاۋاپ قاتارلىق نازۇ نېمەتلەر كەلتۈرۈلۈپتۇ. داستىخاندا ئولتۇرغانلاردىن بىرسى تونۇر كاۋىپىنى يېمەكچى بولۇپ گۆشكە تەمشەلگەندە قولىدا پىچاق يوق بولغاچقا، يېنىدا ئولتۇرغان يىگىتكە قارىغانىكەن، بۇ بالا يېنىدىكى پىچىقىنى غىلاپتىن چىقىرىپلا ھېلىقى كىشىگە ئىككى قوللاپ تەڭلەپتۇ. بۇ كىشى بىر بالىغا، بىر پىچاققا قارىغىنىچە پىچاقنى ئېلىپ گۆشنى كېسىپ ھۇزۇرلىنىپ يېگىلى تۇرۇپتۇ. ھەش - پەش دېگۈچە داستىخاندىكى ياخشى تاماقلار قۇرۇقدىلىپ قاپتۇ.

ھېلىقى يىگىت سېپى ئالتۇن ـ كۈمۈش بىلەن بېزەلگەن پىچىقنى تېزرەك ئېلىۋېلىش كويىدا بولغان بولسىمۇ، بىراق پىچاق ئىگىسىگە ۋاقتىدا قايتمىغاچقا، يىگىت پىچاق بەرگەن مېھماندىن پىچىقنى قايتۇرۇپ ئېلىش قارارىغا كېلىپ، پىچىقىمنى قايتۇرۇپ بەرگەن بولسىلا، دېيىشىگە، پىچاق ئالغان كىشى:

—بۇ پىچاق راست سېنىڭمۇ؟ — دەپ ئۈچ قېتىم ياندۇرۇپ سوراپتۇ. يىگىت ئۈچ قېتىم مېنىڭ، دەپ سۆزىنى تەكرارلاپتۇ مەغرۇرانە.

پىچاقنى ئالغان ئادەم تۆردە ئولتۇرغانلارغا:

—ھۆرمەتلىك مۆتىۋەرلىرىم، قولۇمدىكى مۇنۇ ئالتۇن ساپلىق پىچاق بولسا ئاتامنىڭ پىچىقى ئىدى، بىرسى ئاتامنى ئۆلتۈرۈۋېتىپ پىچىقنى ئېلىپ كەتكەنىكەن. مەن ھازىرغىچە ئاتامنى كىمنىڭ ئۆلتۈرگەنلىكىنى، كىمنىڭ بۇ ئېسىل پىچاقنى ئېلىپ كەتكەنلىكىنى بىلمەي يۈرگەنىدىم. بۈگۈن مانا مۇشۇ سورۇندا ھەممە ئايان بولدى، مېنىڭ ئاتامنى ئۆلتۈرگەن قانلىق قول جاللات مۇشۇ يىگىت ئىكەن. مەن مەھكىمەئىي شەرئىيگە ئەرز قىلىمەن، — دەپ يىگىتكە ئېسىلىپتۇ. بۇ يىگىت تاسادىپىي يۈز بەرگەن ئىشلاردىن نېمە قىلارىنى بىلمەي بېشىنى قاشلاپ ئولتۇرۇپ قاپتۇ.

بۇ ئەھۋالنى كۆرگەن لوقمان ھېكىم يىگىتنى پىنھان يەرگە باشلاپ چىقىپ:

—ھەي نادان يىگىت! مەن ساڭا يېقىندىلا ئۈچ ئىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلغان ئىدىمغۇ، شۇ ئۆگەتكەن ئۈچ ئىشنىڭ بىرىنىمۇ يادىڭدا، دىلىڭدا تۇتالماپسەنغۇ؟ مەن «مىڭنىڭ رەڭگىنى بىلگىچە، بىرنىڭ ئىسمىنى بىل» دېگەنىدىم، لېكىن سەن مېنىڭ دېگەنىمنى قىلماي سىلجا ـ سىلجا ئاخىر پەگاغا بېرىپ قالدىڭ، شۇنىڭ بىلەن ھۆرمەتتىن مەھرۇم بولدۇڭ. «يېنىڭدا ئولتۇرغان كىشىگە پىچىقىڭنى بەرمە» دېگەن ئاخىرقى نەسىھىتىمنىمۇ يادىڭدا تۇتماي پىچىقىڭدىن ئايرىلدىڭ. بۇنى ئاز دەپ بىر ئادەمنى ئۆلتۈرگەن قاتىل بولۇپ قالدىڭ. سەن بۇنىڭدىن قانداق قۇتۇلماقچىسەن؟ —دەپتۇ.

لوقمان ھېكىم ئاخىرىدا يەنە:

—سەنمۇ مەھكىمەئىي شەرئىيگە ئەرز قىل. مەن پىچاقچىغا قانداق پىچاق سوقتۇرغانلىقىمنى ئوبدان بىلىمەن، پىچاقنىڭ سېپىدىن تارتىپ تىغىغىچە قانداق نۇسخىدا ئىكەنلىكىنىمۇ ئوبدان بىلىمەن، دېگىن. ئاخىرى تالىشا ـ تالىشا مېنىڭ ئالدىمغا كېلىدىسىلەر، مەن شۇ چاغدا بۇ دەۋانى ئوبدان ئايرىپ قويىمەن. خاتىرجەم

بول. بۇ سېپى ئۆزىدىن ئۇششۇقنى راسا ئەدەپلەپ قويای، — دەپ ھېلىقى بىچارە يىگىتكە ئىلھام بېرىپتۇ.

بۇ ئىككى دەۋاگەر ئاخىرى لوقمان ھېكىمنىڭ ئالدىغا بېرىپ ھەر ئىككىلىسى ئەھۋاللىرىنى سۆزلەپتۇ.

لوقمان ھېكىم:

—خوش، مەن سىلەرنىڭ دەۋايىڭلارنى بۇرۇنلا ئاڭلىغانىدىم. سىلەردىن پىچاق ھەققىدە سوئال سورايمەن، پىچاق يېنىمغا كەلتۈرۈلسۇن، —دەپ بۇيرۇپتۇ.

لوقمان ھېكىم پىچاقنى قولىدا تۇتۇپ تۇرۇپ، ھېلىقى پىچاقنى مېنىڭ دىگەن كىشىدىن:

—پىچاق راستلا سىلىنىڭمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

—راست، ئاتامنىڭ.

—ئۇنداق بولسا قانداق دەلىل ـ ئىسپاتلىرى باركىن،— دەپتۇ لوقمان ھېكىم.



—مەن ئاتامنىڭ يېنىدا بىر ئالتۇن ساپلىق پىچىقى بارلىقىنى كۆرگەن. ئاتامنىڭ ئۆلۈمىدە بۇ پىچاق يېنىدا يوق. ھازىر راستلا تېپىلدى. ئاتامنى ئۆلتۈرگەن قاتىل مۇشۇ پىچاقنى تېپىش ئارقىلىقلا تېپىلدى، بېگىم، — دەپ ھېلىقى يىگىتكە ئالىيىپ

قويۇپتۇ.

—ئەمدى سەن سۆزلىگىن يىگىت، ئالدىرىما، تەپسىلىي سۆزلە، —لوقمان ھېكىم يىگىتكە بۇيرۇپتۇ.

يىگىت پىچاق ھەققىدە تەپسىلىي سۆزلىگىلى تۇرۇپتۇ. يىگىتنىڭ دېگەنلىرى لوقمان ھېكىمنىڭ پىچاقنى كۆزەتكىنى بويىچە ئوخشاش بولغاچقىمۇ، بۇ يىگىت دۇدۇقلىمايلا سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

لوقمان ھېكىم ھەر ئىككىسىنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن:

— ھۆرمەتلىك دەۋاگەرلەر! راست گەپمۇ، يالغان گەپمۇ ئېغىزدىن چىقىدۇ. جانمۇ ھەم ئېغىزدىن چىقىدۇ. بۇ پىچاق راستىتىنلا مۇنۇ يىگىتنىڭ. چۈنكى ئۇ پىچاق توغرىسىدا دەلىل ـ ئىسپات ئارقىلىق مەسىلىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. سىلى ئاتامنىڭ پىچىقى، دېگەن ساختا ئىسپاتنى ئويدۇرۇپ چىقىپ بۇ ئالتۇن ساپلىق پىچاققا ئىگە بولۇۋالماقچى. سىلى بەكمۇ ياۋۇز، بەكمۇ قارانىيەت كىشى ئىكەنلا، — دەپتۇ لوقمان ھېكىم دەرغەزەپتە.

لوقمان ھېكىم ئاخىرىدا كەسكىن تەلەپپۇزدا:

—يىگىت! پىچاق ھەقىقەتەن سېنىڭ، — دەپ پىچاقنى ئى-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرىسى

گىسىگە ساق تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ.

لوقمان ھېكىمدىن ئەقىل سورىغان يىگىت لوقمان ھېكىمنىڭ ئىشتا ئادىل، پاراسەتلىك، كىچىك پېئىل ئىكەنلىكىگە قايىل بولۇپ، راستچىل، كەمتەر بولۇشقا بەل باغلاپتۇ.

«تېببىي ۋە تەربىيۋى ھېكايەتلەر» دىن

بىر يالغاننى ياندۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن، يۈز راستچى كېرەك.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بىرنى بىر دېگۈلۈك،
بىرنى ئىككى دېگۈچە، ئېشەك گۆشىنى يېگۈلۈك.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بورا كوچىسىدىن بورا ئالسام باغلىقى يوق،
باغ كوچىسىدىن چوكان ئالسام ياغلىقى (يوق).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بۇلاقچى بۇلاپ يەر،
ئالدامچى سوراپ (يەر).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

بۇغداي پاتمىغان ئاغزىمغا قوي بېشى پاتتى.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

تۈلكە ھىيلىگەر بولسىمۇ تېرىسى دۇكاندا ئېسىقلىق.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

تۆھمەت تاش يارار،
بايقىمىساڭ باش (يارار).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

خۇپسەننى بىلمەس دېمە، سەندىن چاققان.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

خېمىرنى يايغان تونۇچ ـ تاختا،
ئىشنى بۇزغان ھىيلە ـ ساختا.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

چىرايلىقنىڭ دەردى تولا،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىلىش ئادرېسى

يالغانچىنىڭ قەرزى (تولا).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

خۇشامەتچىنىڭ تەخسىسى بىللە،
ئالدامچىنىڭ ھىيلىسى (بىللە).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

دەللالنىڭ دەسمايىسى — يالغانچىلىق.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

دىلى بىرنىڭ تىلى بىر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

راست تۇرىدۇ كېرىلىپ،
يالغان تۇرىدۇ بىزىرىپ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن



راست گەپنىڭ تاتلىقى ئاز،
يالغان گەپنىڭ ئاچچىقى (ئاز).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

راست ئىش كۆمۈلمەس،
يالغان ئىش يۆگەلمەس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

راستنى ئېيتسام ئۇرىدۇ،
يالغان ئېيتسام تۇرىدۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

راست گەپنىڭ خىجالىتى يوق،
يالغانچىنىڭ ئىناۋىتى (يوق).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

ساختىپەز نادانىنى تاپار،
بىلىملىكتىن قاچار.



«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

ساختىپەزدىن قوغۇن ئالساڭ، ئۇرۇقى ساق چىقماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سادىق دەپ ئىسىم قويسا، «تۈلكە» دەپ لەقەم ئاپتۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

سەندە بار قارا ئىشەك ھەممە ئادەمدە بار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

سۆز تاپالمىساڭ دوستۇڭنى ماختا.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

قۇشقاچ قېرىسا جاغجاغچى بولار،
جۇۋان قېرىسا (يالغانچى) (بولار).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

قۇيرۇق كۆرسىتىپ ئۆپكە سېتىپتۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

كۆرسە يالايدۇ،
كۆرمىسە تالايدۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال - تەمسىللىرى» دىن

كۆز بويامچى تۈلكە بولۇر،
ئەل ئىچىدە كۈلكە (بولۇر).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

كېپەكتە قۇۋۋەت يوق،
ئالدامچىدا ئۇيات (يوق).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

مەن سۆرىگەن بولاي، سەن دارقىرىغان بول.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

مەن يالغانچى ئەمەس، يارىغىم يالغانچى.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن



ھالالدىن ھېساب،
ھارامدىن ئىنساپ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

www.uyghurkitap.com

ھىيلىگەردىن تۇخۇم ئالساڭ ئىچىدىن سېرىقى چىقماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئۆينىڭ تۆرى پەگاھتىن ياخشى،

راستچىل مىسكەر زەرگەردىن (ياخشى).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئۆرۈك نەگە بارسا مېغىزى بىللە،

يالغانچى نەگە بارسا ئېغىزى (بىللە).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئۆلۈمنىڭ پەتىسى كۆپ،

يالغانچىنىڭ ئەتىسى (كۆپ).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ۋەدىسى يەردە،

ۋاپاسى ئەرشتە.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئىغۋاگەرنىڭ ئۆزى يامان،
ئۆزىدىن لەۋزى يامان.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

ئىككى يالغان بىر بولسا،
ئاخىرى بىرى راست چىقار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

يالغانچىنىڭ يارىسى مىڭ،
ئالدامچىنىڭ ھىيلىسى (مىڭ).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن



يالغانچىنىڭ پوقىنى يېگەن ئىتمۇ قىرىق كۈن يالغان قاۋار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

يالغان ئېيتقان تۇتۇلار،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى ئادرېسى

راست گەپ قىلغان قۇتۇلار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

يالغانچىنىڭ ئۆيىنى ئوغرى ئالسا، ھېچكىم ئىشەنمەس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

يالغانچىنىڭ گۇۋاھچىسى تەييار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

يالغانچىنىڭ راست سۆزىمۇ يالغان.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

يالغان گۇۋاھچى قاتىلدىن يامان.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

يالغانچى ئۆلۈكنى گۇۋاھچىلىققا تارتار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

يالغانچى دوست دۈشمەندىنمۇ يامان.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

يالغانچىلىقتىن گاچىلىق ياخشى.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

يوق چېغىڭدا گېپىم ئەگرى ـ دوناي،
بار چېغىڭدا قۇش بولۇپ قولۇڭغا قوناي.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى» دىن

راستچىل بولۇش لازىم؛ سۆز، ئەدەپ، قول ئىشارىتى ئاددىي بولۇش لازىم. تەلىم بېرىشنى بىلىش، كىشىلەرنى خۇشال قىلىشنىمۇ بىلىش لازىم. ئەگەر كىشىلەرنى كۆلدۈرەلىسەڭ، ئۇ پىكىر قىلالايدۇ، سېنى ياخشى كۆرىدۇ ھەمدە ساڭا ئىشىنىدۇ.

ئالفرېد . E سمىت



توغرا سۆزلۈك (راستچىللىق) — ئاخىرەتتە نىجات تاپماقلىق بىلەن نەتىجىلىنىدۇ. بۇزرۇكلار ئېيتىپتۇركى، سەۋەبسىز يالغان ئېيتماق ئازاب چېكىشكە سەۋەب بولىدۇ. راست سۆز ساۋاب (ياخشىلىق) تېپىشقا سەۋەب بولىدۇ.

ئاقىللار يالغاندىن (يالغان سۆزلەشتىن) پەرھىز قىلىپ، ئۆ-

زىنى راستچىللىق تەربىيىگە مايىل قىلغاي!

«ئەگەر يالغان سۆز بىلەن بىر مۇسۇلمان ئۆلۈمدىن يا زالىمنىڭ زۇلمىدىن خالاس بولىدىغان بولسا، ئۇنداق يالغان سۆز راست سۆزدىنمۇ ياخشىراقتۇر».

يالغان سۆز، ھەزىل ۋە چاقچاق كىشىنى بىئىززەت قىلىدۇ. خۇسۇسەن، ھۆكۈمەت ئەھلى مۇنداق ئىشلارغا مايىل بولسا، شانۇ شەۋكەتلىرىگە نۇقسان يېتىدۇ. تەھقىقكى، ئۇ (يالغان سۆز، ھەزىل ۋە چاقچاق) كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتماقتا سەۋەب بولىدۇ، گىنە ـ ئاداۋەت پەيدا قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كىشىلەر پۇرسەت تېپىپ، ئۆزئارا ئىنتىقام ئالماقتا ھەرىكەت قىلىدۇ. پىتنە ـ پاسات پەيدا بولىدۇ.

يەنە شۇنىمۇ ئېيتىپ ئۆتۈش لازىمكى، قۇدرەت ئىگىلىرى ۋە ھۆكۈمەت كىشىلىرىگە خەلقنىڭ غەيۋىتىنى قىلماق مۇناسىپ ئەمەس. چۈنكى، خۇدايى تائالا ئۇلارغا ھەرقانداق سۆزنى ئاشكارا ئېيتماقتا قۇدرەت بەرگەندۇر. شۇنداق ئىكەن، ئۆزىنى غەيۋەتچىلەر تائىپەسى قاتارىغا قويۇشى ئاقىلانىلىك ئەمەس. ئەكسىچە، مۇلازىملىرىنى غەيۋەت قىلىشتىن توسۇشلىرى لازىمدۇر. چۈنكى، غەيۋەتنىڭ زەررى ۋە شۇملۇقى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ناھايىتىمۇ كۆپتۇر.

نەزم:

تا ئىلاجىڭ بارىچە قىلما كىشىنى غەيبەت،
چۈنكى غەيبەتچى بولۇر ئەل كۆزىدە بىئىززەت.
گەر كىشى ئەيلەسە غەيبەت، سەن ئاڭا سالما قۇلاق،
تا گۇناھىڭغە ئانى، قىلما ئۆزۈڭگە ئورتاق.

ھۈسەيىن ۋائىز كاشىفى: «ئەخلاقۇ مۇھسىنىن» دىن

تىجارەتنىڭ زور سەرمايىسى — توغرا، راست سۆزلۈك ۋە توغرا ئىش قىلىشتۇر.

قابۇس

ئادەم ياشلىق ۋاقتىدىن باشلاپ توغرا نىيەت ۋە ياخشى ئەخلاق بىلەن تەربىيىلىنىشى لازىم.

قابۇس

ياشلىق ۋاقتىدىن باشلاپ توغرا تەربىيىلەنمىگەن ئادەم ئەگرى ئۆسۈپ قېرىغان دەرەخكە ئوخشايدۇ. ئەگرى ئۆسۈپ قېرىغان دەرەخنى تۈزلەپ بولمايدۇ. ئۇنى پالتا بىلەن كېسىپ ئوتۇن قىلىشقىلا بولىدۇ.

قابۇس

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاپ تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

جاۋانىمەرتلىك دېگەن نېمە؟ئادەمدە ئۈچ سۈپەت بولىدۇ، جاۋانىمەرتلىك شۇ سۈپەتلەردىن تۇغۇلىدۇ. بارلىق خەلق شۇ سۈپەتلەر بىلەن ئىپتىخارلىنىدۇ، ماختىنىدۇ. ھەربىر ئادەمدە بۇ ئۈچ سۈپەت بولسىمۇ،ئۇنى ئىجرا قىلغۇچىلار ئاز تېپىلىدۇ. بۇ سۈپەتلەر: بىرىنچى، ئەقىل ۋە ئەمەلىيەت؛ ئىككىنچى، توغرىلىق ۋە راستلىق؛ ئۈچىنچى، مۇرۇۋۋەتلىك. بۇ ئۈچ سۈپەتنىڭ سەرمايىسى ۋە ئۇلۇغى ئەقىلدۇر. ھەممە ئادەم بۇ ئۈچ سۈپەت مەندە بار، دەپ دەۋا قىلىدۇ. ئەمما، ھەقىقەت نەزىرى بىلەن قارىساڭ،ئەمەلىيەتتە بۇ ئۈچ سۈپەت ھەر كىمدە ئۆز ھالىغا يارىشا بولسىمۇ،لېكىن بەزىسى ئۇنى پۈتۈن ئىجرا قىلىشقا قادىر، بەزىسى پۈتۈن ئىجرا قىلىشقا قادىر ئەمەس، ئۇنىڭغا خىلاپ ھەرىكەتتە بولىدۇ.

قابۇس

نۇرغۇن كىشىلەر باركى، ئۇلار ئۆزلىرى خاتالىق ئۆتكۈزمەيدۇ ھەم باشقىلارنىڭ خاتالىقلىرىنى تۈزىتىشنىمۇ بىلمەيدۇ.

ماكياۋىللى

كىشىلەرنىڭ ھۆكۈمدار ۋە ئۇنىڭ پاراستى ھەققىدىكى

تۇنجى تەسىراتى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەرنى كۆزىتىشتىن كېلىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى كىشىلەر قابىلىيەتلىك ھەم ساداقەتمەن بولسا، كىشىلەر ھۆكۈمدارنى ئاقىل دەپ قارايدۇ. چۈنكى، ھۆكۈمدارنىڭ قابىلىيىتى ئۆز ئەتراپىدىكىلەرنى تونۇپ يەتكەن ۋە ئۇلاردا ساداقەتمەنلىك پەيدا قىلالىغان بولىدۇ. ئەگەر، ئەھۋال ئەكسىچە بولسا، كىشىلەر ھۆكۈمدارغا سەلبىي قاراشتا بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ ئۆتكۈزگەن تۇنجى خاتالىق ۋەزىر تاللاشتىلا يۈز بەرگەن بولىدۇ.

ماكياۋىللى

پادىشاھ دانالىق بىلەن چوڭ - كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئاخىرىغا يەتكۈزۈپ تەپتىش قىلسا، راستلىقنىڭ روشەنلىكى، يالغانچىنىڭ قاراڭغۇلۇقىدىن غالىب كەلسە، ھەم بۇ دۇنيا پادىشاھلىقىنىڭ ئاساسىي زىياندىن خالىي بولىدۇ، ھەم ئاخىرەتتىن، دوزاختىن قۇتۇلۇپ يۇقىرى دەرىجىلەرگە يېتەلەيدۇ.

«كەلىلە ۋە دىمنە» دىن



مەن پادىشاھلارنىڭ دەرگاھىدا مۇلازىم بولغان كىشىلەرنىڭ بەش تۈرلۈك ئىشنى قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلىمەن. بىرىنچى-

سى، ئاچچىق ۋە غەزەپ ئوتىنى ياۋاشلىق سۈيى بىلەن ئۆچۈرۈش كېرەك. ئىككىنچى، ھاۋايى - ھەۋەس ۋە شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن ھەزەر قىلىش كېرەك. ئۈچىنچىسى، كىشىنى ئالدايدىغان ھېرىس ۋە پىتنە پەيدا قىلىدىغان تەمەنى كىشىگە توغرا يول كۆرسەتكۈچى ئەقىلدىن غالىب ئورۇنغا قويماسلىق كېرەك. تۆتىنچىسى، ھەرقانداق ئىشنى راستلىق ۋە دىيانەت بىلەن قىلىش كېرەك. بەشىنچىسى، ھەرقانداق بىر ھادىسە يۈز بەرسە، ئۇنى مۇلايىملىق ۋە مادارا بىلەن ھەل قىلىش كېرەك. قانداق ئادەم بۇ سۈپەتلەرنى ئۆزىگە لازىم بىلسە، ئەلۋەتتە ياخشىلىق بىلەن مۇرادىغا يېتىدۇ.

«كەلىلە ۋە دىمنە» دىن

ھەقىقەتكە يار بەرمەك ۋە راستلىق تۇغىنى كۆتۈرمەكنىڭ ھەم شەرىئەتتە قەدرى - قىممىتى كۆپتۇر، ھەم مۇرۇۋۋەتتە ھۆر- مىتى ئاز ئەمەس.

«كەلىلە ۋە دىمنە» دىن

ھەرقانداق جايدا ھېرىس ئورۇن تۇتسا، ئۇ يەردىن راستلىق ۋە ئامانەت كۆچۈپ كېتىدۇ.

«كەلىلە ۋە دىمنە» دىن

يالغان گەپ ۋە بوھتاننىڭ ئەندىزىسى يوق، ھىيلە ـ مىكىر دېگەننىڭ ھەددى ـ ھېسابى ۋە چېكى يوق.

«كەلىلە ۋە دېمنە» دىن

ھۆكۈمالار: «ئالتە نەرسىدىن ۋاپا ئۈمىدى كۈتمەسلىك كې-رەك» دەپ ئېيتىشقان: بىرىنچىسى، بۇلۇتنىڭ سايىسى، ئۇ قاراپ بولغۇچە ئۆتۈپ كېتىدۇ؛ ئىككىنچىسى، غەرەزلىك دوستلۇق، ئۇ ناھايىتى تېزلا چاقماقتەك ئۆتۈپ كېتىدۇ؛ ئۈچىنچىسى، خوتۇنلار-نىڭ مۇھەببىتى، ئۇ كىچىككىنە سەۋەب بىلەن سوۋۇپ كېتىدۇ؛ تۆتىنچىسى، چىرايلىقلارنىڭ جامالى، ئۇمۇ ئاخىر ئۆزگىرىپ كې-تىدۇ؛ بەشىنچىسى، يالغاندىن تەرىپلەش، ئۇمۇ ئىز بېسىپ تۇرال-مايدۇ؛ ئالتىنچىسى، بۇ دۇنيانىڭ مېلى، ئۇمۇ ئاقىۋەتتە ئىگىسىگە ۋاپا قىلمايدۇ.

«كەلىلە ۋە دېمنە» دىن



دوست تۇتۇش توغرا كەلسە، ئۈچ تائىپىدىن دوست تۇتماق كېرەك: بىرى، ئالىم ۋە ئابىدە. ئۇنىڭ سۆھبىتىنىڭ بەرىكىتى بىلەن دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى تاپقىلى بولىدۇ؛ ئىككىنچى-سى، مەرد ۋە ياخشى ئەخلاقلىق كىشىلەر، ئۇلار يار ـ دوستىنىڭ

www.uyghurkitap.com

خاتاسىنى تاپالايدۇ ۋە نەسىھەتنى ئايىمايدۇ؛ ئۈچىنچىسى، زاتى پاك كىشىلەر، ئۇلار غەرەزسىز ۋە تەمەسىز بولۇپ، دوستلۇق بىناسىنى ساداقەت ۋە ئىخلاس ئاساسىغا قويىدۇ. يەنە ئۈچ خىل كىشىلەرنىڭ دوستلۇقىدىن پەرھىز قىلماق كېرەك: ئۇلارنىڭ بىرى پاسىق كىشىلەر. ئۇلارنىڭ ھەممەتلىرى نەپسىنىڭ ئارزۇسىغا سەرپ بولىدۇ، ئۇلارنىڭ مۇھەببەتلىرى نە دۇنيانىڭ راھىتىگە ۋە نە ئاخىرەتنىڭ رەھمىتىگە سەۋەب بولالمايدۇ؛ ئىككىنچىسى، يالغانچىلار، ئۇلارنىڭ سۆھبىتى قاتتىق ئازاب ۋە ئۇلپىتى چوڭ بالا. ئۇلار ھەمىشە سەندىن باشقىلارغا يۈز بەرمىگەن ۋەقەلەر ئۈستىدە سۆز توشۇيدۇ ۋە باشقىلاردىن ساڭا مىڭدىن بىرى راست بولمىغان، پىتنە ئارىلاشقان خەۋەرلەرنى كەلتۈرىدۇ؛ ئۈچىنچىسى، نادانلار، مەنپەئەت يۈزىسىدىن ئۇلارغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ ياكى بالا ـ قازادىن ساقلىنىشتا ئۇلارغا يۆلەنگىلى بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇلار پايدا يەتكۈزدۈم دەپ تۈرۈپ زىيانغا ئۈچرىتىدۇ.

«كەلىلە ۋە دىمنە» دىن

بىۋاپالىقنىڭ ئاقىۋىتى شۇملۇق ۋە خارلىقتۇر. يالغان قەسەم قىلماق ئۆمۈرنىڭ راۋاجىنى ۋەيران قىلىدۇ ۋە ۋەدىگە تۇرماسلىق

تىرىكلىكىنىڭ ئىمارىتىنى يىقىتىدۇ.

«كەلىلە ۋە دېمنە» دىن

باشقىلار بىزنىڭ سىر تۇتۇپ كەلگەن بەزى ئىشلىرىمىزنى بىلىۋالغاندا، ئۇلارغا راستىنى سۆزلىسەك، ئۇقۇشماسلىقنى تېز تۈگىتەلەيمىز، كۆڭۈل ۋەسۋەسىسىدىنمۇ قۇتۇلالايمىز، باشقىلار- نىڭمۇ ھالىغا يېتەلەيمىز.

«ئەرلەرنىڭ كارامىتى» دىن

خاتالىقىڭىزنى باشقىلارنىڭ تەنقىد قىلغىنىغا قارىغاندا، ئۆ- زىڭىزنىڭ تېزرەك ئېتىراپ قىلغىنىڭىز ياخشى.

ئەخمەق كىشىلەرلا خاتالىقنى ئېتىراپ قىلماي، ئۆز گېپىد- نى يورغىلىتىپ تۇرۇۋالىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ، كۆپلىگەن ئەخمەق كىشىلەر مۇشۇنداق قىلىدۇ. خاتالىقنى ئېتىراپ قىلىش خاتالىقنى ئېتىراپ قىلمىغانغا قارىغاندا كۆپ ئاقىلانە ئىشتۇر.



ئۆز قارىشىڭىزنى توغرا دەپ قارىغان، باشقىلارمۇ قارىشى- ڭىزنى مۇئەييەنلەشتۇرگەن ۋاقىتتا، چوقۇم ئېھتىياتچان، تەدبىر- لىك بولۇڭ؛ مۇبادا خاتالىشىپ قالسىڭىز (بۇنىڭدىن ساقلانغىلى بولمايدۇ)، خاتالىقىڭىزنى يۈرەكلىك ئېتىراپ قىلىڭ. شۇنداق

www.uyghurkitap.com

قىلىشىڭىز ئۆزىڭىزمۇ ئويلاپ باقمىغان زور كۆڭۈل ئازادىلىكىگە ئېرىشەلەيسىز. مەيلى ئىشىنىڭ، مەيلى ئىشەنمەڭ، خاتالىقنى ئېتىراپ قىلىش خاتالىقنى تونۇماي، ئۆز گېپىنى يورغىلىتىپ تۇرۇۋېلىشتىن كۆپ ئەۋزەل.

شۇڭا، باشقىلاردىن قارشىڭىزنى قوبۇل قىلىشنى تەلەپ قىلغاندا، «خاتالىشىپلا قالسام، خاتالىقىمنى قەتئىي ئېتىراپ قىلىمەن» دېگەن مىزانغا رىئايە قىلىڭ.

«ئەرلەرنىڭ كارامىتى» دىن

بىر دوختۇرخانىنىڭ كېسەلخانىسىدا ئېغىر كېسەل ياتقان، ھەر ئىككىسىنىڭ كېسىلى ئېغىر ئىدى. بىرلا ئىشىكى، بىرلا دېرىزىسى بار بۇ كېسەلخانا ئىنتايىن تار بولۇپ، ئىككىسى ئارانلا سىغاتتى. كېسەلخانىنىڭ ئىشىكى كارىدورغا، دېرىزىسى سىرتقا قارايتتى.

كېسەللەرنىڭ بىرىگە ھەر كۈنى ئەتىگەن ۋە چۈشتىن كېيىن بىر سائەت ئولتۇرۇشقا رۇخسەت قىلىنغانىدى. ئۇنىڭ كارىۋىتى دېرىزە تۈۋىدە ئىدى.

يەنە بىرى بولسا كېچە ـ كۈندۈز مىدىرلىماي يېتىشقا مەجبۇر ئىدى. ئەلۋەتتە، ھەر ئىككىسىلا جىمجىت يېتىپ

داۋالانمىسا بولمايتتى، ئۇلار ھەممىدىن بەك ئازابلايدىغىنى، ئىك-كىسىنىڭ كېسىلى ئۇلارنىڭ ھەرقانداق ئىش قىلىشىغا يول قوي-مايتتى، ئۇلارغا ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىدىغان ھېچبىر ئەرمەك يوق ئىدى: كىتاب ئوقۇيالمايتتى، رادىئو ئاڭلىيالمايتتى، تېلېۋى-زورمۇ كۆرەلمەيتتى... پەقەت جىمغىنا ياتاتتى، يەنە كېلىپ بۇ كېسەلخانىدا ئىككىسىدىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى. شۇڭا، ئۇلار دائىم سائەت ـ سائەتلەپ پاراڭلىشىپ ياتاتتى. ئۆزلىرىنىڭ ئائىلى-سى، خوتۇن ـ بالىلىرى، خىزمىتى ھەمدە قانداق ئىش قىلغانلىقى، نەلەرگە ساياھەتكە بارغانلىقى قاتارلىقلار توغرىسىدا پاراڭلىشاتتى. ھەر كۈنى ئەتىگەن ۋە چۈشتىن كېيىن ۋاقىت توشقان ھامان، دوختۇرلار دېرىزە تۈۋىدە ياتقان كېسەلنى يۆلەپ ئولتۇرغۇزۇپ قوياتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ بىر سائەت ئولتۇرۇشى باشلىناتتى. ھەر قېتىم شۇنداق ئولتۇرغاندا، ئۇ ھەمراھىغا دېرىزىنىڭ سىرتىدا كۆرگەنلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھەر كۈنى مۇشۇ ئىككى سائەت ئۇنىڭ ھەمراھىنىڭ تۇرمۇشىنىڭ پۈت-كۈل مەزمۇنى بولۇپ قالدى.

ئېنىقكى، بۇ دېرىزە بىر باغچىغا قاراپ تۇراتتى. باغچىنىڭ ئىچىدە بىر كۆل بار، كۆلدە توپ ـ توپ ياۋا ئۆردەك ۋە ئاق قۇلار

www.uyghurkitap.com

بەخىرامان ئۈزۈپ يۈرەتتى. باغچىدىكى بالىلارنىڭ بەزىلىرى ئۈلارغا بولكا ئۇۋاقلىرىنى تاشلاپ بەرسە، بەزىلىرى قەغەز قېيىقلارنى سۇدا لەيلىتىپ ئوينايتتى. جۈپ ـ جۈپ ئاشىق ـ مەشۇقلار قول تۇتۇشۇپ دەرەخ سايىلىرىدە سەيلە قىلىشاتتى. باغچىدا رەڭگارەڭ گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن، كۆپىنچىسى ئەتىرگۈل، يەنە ھۆسن تالىشىپ، نازۇ كەرەشمە قىلىپ تۇرغان مودەنگۈل بىلەن تىرناق-گۈللەرمۇ بار. باغچىنىڭ بىر چېتىدە چويلا توپ مەيدانى بار ئىدى. ئۇ يەردە پات ـ پات ئاجايىپ قىزىقارلىق مۇسابىقىلەر ئۆتكۈزۈلۈپ تۇراتتى. بەزىدە تېخى پالاق توپ مۇسابىقىلىرىمۇ ئۆتكۈزۈلۈپ قا-لاتتى. ئۇلارنىڭ توپ ماھارىتى ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىگە چۈشىدى-غانلارنىڭكىگە يەتمىسىمۇ، ھەرھالدا بوش چاغلىقلى بولمايتتى. يەنە بىر تەرەپتە بولسا دومىلاتما توپ ئوينايدىغان بىر چىملىق بار ئىدى، باغچىنىڭ ئاياغ تەرىپىدە قاتىرىسىغا كەتكەن ماگىزىن، ماگىزىنلارنىڭ كەينىدە قايناق شەھەر مەنزىرىسى غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى.



ياتقان كېسەل بۇلارنى پۈتۈن زوقى بىلەن ئاڭلايتتى. مۇشۇ چاغدىكى ھەربىر مىنۇت ئۇنىڭغا غايەت زور ھۇزۇر بېغىشلايتتى. تەسۋىرلەش يەنە داۋاملاشماقتا ئىدى: بىر بالىنىڭ كۆلگە چۈشۈپ

كەتكىلى تاس قالغانلىقى، يازلىق كىيىم كىيىۋالغان قىزنىڭ نە-
قەدەر چىرايلىقلىقى، ئارقىدىنلا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان يەنە
بىر مەيدان چويلا توپ مۇسابىقىسىنىڭ باشلانغانلىقى. ياتقان كې-
سەل بۇ جانلىق تەسۋىرلەشلەرنى ئاڭلاپ، ئاشۇ ئىشلارنى خۇددى ئۆز
كۆزى بىلەن كۆرگەندەك بولدى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، بىر پالاق توپ تەنھەرىكەتچىسى-
نىڭ توپنى پالاق ئۇستىدە ئوينىتىپ يۈرگەنلىكىنى ئاڭلاۋېتىپ
ئۇنىڭدا تۇساتتىنلا مۇنداق بىر خىيال پەيدا بولۇپ قالدى: نېمىشقا
دېرىزە تۈۋىدىكى ئاشۇ ئادەملا دېرىزە سىرتىدىكى ئىشلاردىن خۇ-
زۇرلىنىدۇ؟ مەن نېمىشقا شۇنداق پۇرسەتكە ئېرىشەلمەيمەن؟ ئۇ
ئۆزىدە مۇشۇنداق خىيالنىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقىغا ئۇكۇندى ۋە
ئۇنى قايتا ئويلىماسلىققا تىرىشتى. قېرىشقاندەك، ئويلىمايمەن
دېگەنسېرى، بۇ خىيال ئۇنىڭ كاللىسىغا شۇنچە ئورنىۋالدى. بىر-
نەچچە كۈندىن كېيىن بۇ خىيال ئاخىر «مەن نېمىشقا دېرىزە يې-
نىدا ياتمايمەن؟» دېگەنگە ئۆزگەردى.

بۇ خىيال كاللىسىغا كىرىۋېلىپ، كۈندۈزلىرى ئازابلاندى،
كەچلىرى ئۇيقۇسى قاچتى. نەتىجىدە، كېسىلى كۈندىن ـ كۈنگە
ئېغىرلىشىپ كەتتى. دوختۇرلارمۇ بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەي

www.uyghurkitap.com

قالدى.

بىر كۈنى كەچتە، ئۇ ئادىتى بويىچە كۆزلىرىنى تورۇسقا تىكىپ ياتاتتى، بىر چاغدا ئۇنىڭ ھەمراھى ئۇشتۇمتۇت ئويغىنىپ، قاتتىق يۆتىلىپ كەتتى. ئارقىدىنلا نەپىسى قىسىلىپ، ھاسىراشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كانىيىنى بەلغەم توسۇۋالغانىدى. ئۇ قوللىرىنى سىيپاشتۇرۇپ كۇنۇپكىنى ئىزدىدى. كۇنۇپكىنى باسسىلا نۆۋەتچى سېستىرالار دەرھال يېتىپ كىرەتتى.

لېكىن، ئۇ مىدىرلاپمۇ قويماي جىمجىت يېتىۋەردى. كاللىسىدىن: ئۇ نېمىشقا دېرىزە تەرەپتىكى كارىۋاتنى ئىگىلىۋالىدۇ؟ دېگەن بىرلا خىيال نېرى كەتمەيتتى.

ئازابلىق يۆتەل تۇن جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ تاشلىدى، كېسەل يۆتىلىۋېرىپ بوغۇلدى... يۆتىلى توختىدى... بىردەمدىن كېيىن نەپىسىمۇ توختاپ قالدى.

يەنە بىر كېسەل بولسا يەنىلا تورۇسقا تىكىلگىنىچە جىمجىت ياتاتتى.



ئەتىسى ئەتىگەندە، يۈز يۇيۇشقا سۇ ئەكىرگەن سېستىرالار ئۇ كېسەلنىڭ ئاللىقاچان جان ئۈزگەنلىكىنى كۆردى ۋە خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك جەسەتنى جىمغىنا ئېلىپ چىقىپ كېتىشتى.

بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى، ئاخىر يالغۇز قالغان كېسەل ئۆزىنىڭ دېرىزە يېنىدىكى كارىۋاتقا يۆتكەلسە بولىدىغان - بولمايدىغانلىقىنى سورىۋىدى، سېستىرالار ئۇنى يۆلەپ ئاپىرىپ، ئاشۇ كارىۋاتقا چىرايلىق ياتقۇزۇپ قويدى - دە، ئۇنى يالغۇز قالدۇرۇپ چىقىپ كەتتى.

سېستىرالار چىقىپ كېتىشىگە، ئۇ بىر قولى بىلەن تايىنىپ، ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ، مىڭ تەستە ئورنىدىن تۇردى - دە، دېرىزە سىرتىغا قارىدى.

دېرىزىنى ئېگىز ھەم كۆرۈمسىز بىر تام توسۇپ تۇراتتى.

تىگېرت

يالغانچىلىق قىلىش ئۇتۇق قازىنالمايدىغانلارنىڭ يەنە بىر ئادىتى بولۇپ، ئۇلار بىرەر پايدىغا ئىگە بولۇش ئۈچۈن ھايۋانلارنى دوراش ۋە ياخشى كۆرمەيدىغان ئادەملەرگىمۇ خۇشامەت قىلىش بويىچە ئىلگىرىلەيدۇ. ھايۋانلارنى دوراش دېگەندە، پسىخولوگلار يالغانچىلارنىڭ ماھىيەت جەھەتتىن بەزى ئوخشاشلىقلىرىنى تاپقان. ئۇلارنىڭ كۆزىتىلىشىچە، ئورانگوتانلار توپىدىكى بىر ئورانگوتان سەپداشلىرىغا: «يېقىن ئارىلىقتا بانان بار ئىكەن» دېگەننى ئىما قىلغان. ئۇنىڭ ئىماسىغا ئىشەنگەن ئورانگوتانلار ئۇ ئىما قىلغان

تەرەپكە بانان يەيمىز دەپ ماڭغان. ئۇلاردىن كېيىن، ئىما قىلغۇچى بۇ ئورانگوتان ئۆزى بىلىدىغان بانان بار يەرگە مېڭىپ كەتكەن.

پسىخولوگلارنىڭ قارىشىچە، ئادەم بىلەن ھايۋانلار ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئەمما تولۇق يالغانچى ئادەمنىڭ مۇددىئاسى خىيانەت-كارلىق بىلەن سەپداشلىرىغا باشقا تەرەپنى كۆرسىتىپ قويۇپ، بانان بار تەرەپكە ئۆزى كېتىدىغان ئورانگوتانغا ئوخشاش بولۇپ، ماھىيەت جەھەتتە قەستەن يالغان سۆزلەپ پايدا ئېلىشتىن ئىبارەت. بۇ يەردىكى پەرق ھايۋانلار كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان نەق يېمەك-لىكلەرگە يۈگۈرسە، يالغانچىلار ئاساسلىقى كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇر-دىغان پايدىلارغا ئىنتىلىدۇ. مەسىلەن، تۆۋەن دەرىجىلىك بىرىنىڭ باشلىقىنى كۆزگە ئىلمايدىغان تۇرۇقلۇق، باشلىق ئالدىدا ئەتىۋار-لىنىش ۋە ئۆستۈرۈلۈش ئۈچۈن، ئۇ باشلىقنى ئۇنداق ياخشى، بۇنداق ياخشى دەپ ماختىشى؛ سەت بىر خوتۇننى ئۇنىڭدىن پايدا ئالماقچى بولغان يەنە بىرىنىڭ چىرايلىق دەپ ماختىشى قاتارلىقلار ئەنە شۇنداق يالغانچىلىقنىڭ ئايرىم كۆرۈنۈشلىرى بولۇپ، خۇددى ياخ-شى يېمەكلىكلەرنى ئۆزى يالغۇز يېيىش ئۈچۈن، سەپداشلىرىنى تۈيدۇرماي باشقا تەرەپلەرگە باشلاپ قويغان ھايۋانلاردەك يالغان گەپ بىلەن كىشىلەرنى سەزدۇرمەي ئالداپ كېتىشتۇر.

بىز كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا، ئىككى ئادەمنىڭ ئارىسىدىكى ئاداۋەتنى يوقىتىپ ئىتتىپاقلاشتۇرۇش مەقسىتىدە بەزى گەپلەرنى ياپسالاپ چۈشەندۈرىدىغانلارنى، ئۆزى تاماق يېمەكچى بولۇۋاتقاندا، ئاچ قورساق يەنە بىرىنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇپ قويۇش ئۈچۈن، «مەن ھېلى تاماق يېگەن» دەپ، غىزانى ئۇنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ بېرىدىغانلارنى، ئېغىر كېسەللەرنى ئارام ئالدۇرۇش ئۈچۈن بەزى سۆزلەرنى مەلۇم قىلمايۋاتقانلارنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن بەزى يالغان گەپلەرنى تىلىنىڭ ئۇچىدا قىلىپ قويۇۋاتقانلارنى كۆرۈپ تۇرىمىز. بۇلار ئىنسانلار ئارىسىدىكى سەمىمىيەت گۈللىرى بولۇپ، يار ـ بۇرادەرلىرىنى، قوۋم ـ قېرىنداشلىرىنى ۋە ھەرقانداق ياخشى ئادەمنى رەنجىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن سەمىمىي يۈرەكتىن سۆزلەش ئارقىلىق كىشىلىك دۇنياسىنىڭ تىنچلىق جىلۋىسىنى ئاسراشتۇر. سەنئەتكارلىقتا تەھلىكە پەيدا قىلىدىغان يالغانچىلىق بولسا، شەخسىيەتچىلىك ئەدەپ ئەتكەندە ئوتتۇرىغا چىقىدىغان بولۇپ، گەرچە ئۇ ئاخىرىدا ئۆزىنى ئالدايدىغانلىقىنى مۆلچەرلەپ يېتەلىسىمۇ، مەنپەئەتلەرگە نەپسى ھۆرۈپ كەتكەندە كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمىگەن مۇناپىقانە ھېسسىيات بىلەن ئەسكىلىشىپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئالىملارنىڭ قارىشىچە:

www.uyghurkitap.com

«ئۆز نەپسىنى ۋە قورسىقىنىلا ئويلايدىغان بىرەرمۇ ئادەم ھېچقاچان ۋە ھېچقانداق گۈزەللىك يارىتالمايدۇ». ئۇلارنىڭ قەلبىدە ھەتتا ئاق كۆڭۈل ئادەملەرنىڭ دىلىنى يارا قىلىدىغان ئوغا بولىدۇ. شۇڭا، ئۇلار ياشاشنىڭ سەنئەتكارى دەپ ئاتىلىشقىلا ئەمەس، ھەتتا ئىنسان دەپ ئاتىلىشقىمۇ مۇناسىپ كەلمەيدۇ. بۇنداق يالغانچىلىقلار نەق جىنايەت ۋە بىر قەبىھلىك بىلەن ئۇنى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە خەسكە ئايلاندۇرۇپ قويۇپلا قالماستىن، ئۇنى ئەنە شۇنداق قەبىھلىك ۋە جىنايەت تەرەپكە ئېلىپ بارىدۇ.

مەسىلەن، بىر يالغانچى سودىگەر بىر چوڭ زاۋۇتنى قولغا كەلتۈرۈپ توختام تۈزۈۋېلىش ئۈچۈن، قولىدا ئون تونىنا قوي يۇڭى تۇرسا 100 توننا يۇڭۇم بار، دەپ زاۋۇتتىكىلەرنى ئالداپتۇ، زاۋۇتتىكىلەر ئۇنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ توختام ئىمزالاپتۇ. توختام بويىچە زاۋۇتتىن 100 توننا يۇڭغا پۇل ئاپتۇ، بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، بازاردا يۇڭ ئازلاپ كېتىپتۇ ـ دە، ئۇ ھەرخىل چارىلەرنى قوللىنىپتۇ. توختامدىكى يۇڭنى ۋاقتىدا تاپشۇرالماي، گەپ تۇقۇشقا باشلاپتۇ، «يالغانچىلىق ھاراقكەشلىككە ئوخشايدۇ، يالغانچى ئۆلۈۋاتقاندىمۇ يالغان سۆزلەپ ئۆلىدۇ» دېگەندەك، ئۇستى ـ ئۇستىلەپ يالغان سۆزلەپ، ئاخىرىدا: «ھەممىنى تەل قىلىپ بولدۇم، پات يې-

قىنىدا يوتكەپ بېرىمەن» دەپتۇ. بۇ ۋاقىت يەنە سوزۇلۇپتۇ. سودىگەر: «قاتناش جىددىي بولۇپ كەتتى، جىددىي ئالاقە قىلىۋاتىمەن» دەپتۇ. لېكىن، يوڭ يېتىپ بارماپتۇ. زاۋۇتتىكىلەر گۇمانلىنىپ ئىزدەپ بارسا، كۆزنى يۇمۇپلا: «ئوت ئاپەتتى بولۇپ يوڭ كۆيۈپ كەتتى» دەپ جۆيلۈپتۇ. يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام بولغاچقا، يوڭنىڭ كۆيۈپ كەتمىگەنلىكى ئۇزاققا بارمايلا ئاشكارا بولۇپتۇ ـ دە، ج خ ئورۇنلىرى ئۇنى «قويمىچى» دەپ تۇرمىگە سولاپتۇ. كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا يالغانچىلارنىڭ بىزگە كەلتۈرگەن دەرد ـ ئەلەملىرىنى دەپ كەلسەك، گەپ تولا. ھەتتا ۋەدىسىدە تۇرمايدىغان، كۆلۈپ تۇرۇپ ئىش كېچىكتۈرىدىغان كىچىك يالغانچىلارنىڭ ئاچچىقىمىزنى كەلتۈرگەن يەرلىرىمۇ بىزنى شۇنداق بىئارام قىلىدۇ.

دېمەك، يالغانچىلىق شۇنداق يامان ئادەتكى، يالغان سۆزنى پەقەت يالغان سۆز بىلەن ياپقىلى بولغاچقا، ئۇ خۇددى تۇتقاق كېسەللىكىدەك ئادەمگە بىر چىرمىشىۋالسا، ھەقىقەت ئىچىگە كىرىدىغان بىرلا يالغان ھەممىنى گۇماندا قالدۇرغاندەك، شۇ ئادەمنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغان ئادەملەرنىمۇ كاردىن چىقىرىدۇ. شۇڭا، سەنئەتكارلىققا ئاتلانغان ھەرقانداق ئادەم بۇ مەرەزدىن ئۆزىنى تارتىش، ناۋادا يالغان سۆزلەپ قالغان بولسىمۇ، «يالغان سۆزلەۋاتقى-

نىڭنى سەزگەن هامان تىلىڭنى يىغساڭ هېچقاچان كېچىكمەيسەن» دېگەن هېكمەت بويىچە دەرهال تىلنى يىغىش كېرەك.

يەنە شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش لازىمكى، گەرچە ھەممە ئادەم يالغان گەپ قىلىشقا قارشى تۇرۇۋاتسىمۇ، خېلى كۆپ هاللاردا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ سۆزىگە ئىشەنچ قىلالماي، «راستمۇ؟» دېگەن سوئال نەزىرى بىلەن گەپ قىلىشى ئوخشىمىغان دەرىجىدە ناهايىتى كۆپ ئادەملەردە مەۋجۇتلۇقىدۇر. بولۇپمۇ قۇربىتى يەتمەيۋاتقان كەمبەغەل ئادەملەرنىڭ دۆلەتمەن ئادەملەرنى مېهمان قىلغىنىدەك ئەتۇر خۇشامەتلەر يالغانچىلىقنىڭ تېخىمۇ ئومۇمىيلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇنداق ئىكەن، هەممىمىز بۇنداق ئادەتنىڭ بارا - بارا چۈشىپ، مۇستەهكەملىنىپ، هازىرقى ئىنسانلىقىمىزنى باشقا بىر نىمىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇشىدىن هەزەر قىلىشىمىز كېرەك. چۈنكى بۇ هەقتە تەتقىقات ئېلىپ بارغان ئالىملار شۇنداق هەزەر قىلمىغاندا، باشتا تېرىق ئوغرىلىغان ئاخىرى بېرىپ تۆگە ئوغرىلىغاندەك، كىچىك يالغانچىلىق ئادىتىمىزنىڭ هەتتا بۇرۇن ئاجايىپ خىزمەت كۆرسەتكەن كاتتا پالۋانلار، يازغۇچى، ئالىملار، دۆلەت باشلىقلىرىنىمۇ ئىنسان خۇلقىدىن ياتلاشتۇرۇپ، باشقىچە بىر نىمىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ چىققان. بۇ هەقتە خۇلاسە

قىلغان سوخۇمىلىنىسكىي مۇنداق دەيدۇ: «ئىنسانىنىڭ خۇلقى— ۋەقە ۋە ھادىسىلەر ھەققىدە كۆڭلۈڭ نېمە دېسە، شۇنى سۆزلە. سەندىن بىرەر مەلۇم نەرسىنى كۈتۈۋاتقان تەقدىرىمۇ خۇشامەت قىلما، خۇشامەتچىلىك سېنى مۇناپىق، ئاخىر بېرىپ رەزىل مۇتتەھەمگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن قىلىنغان ھەرىكەتتۇر». بۇ ئالىم-نىڭ نەزىرىچە، يەنە يالغانچىلىقتىن باشلانغان «مۇناپىقلىق، خۇ-شامەتچىلىك، ئىككى يۈزلىمىلىك ئەڭ زور ياۋۇزلۇق» بولۇپ، ئۇ-نىڭدىن زەھەر ئەيلەشلا ئەمەس، بەلكى ھوشيارلىق بىلەن سېزىۋې-لىپ، ئۇنىڭغا ھۇجۇمغا ئۆتۈش ھەربىر ئادەمنىڭ ئىنسانلىق بۇرچىدۇر. «نىقابلانغان بۇ ياۋۇزلۇقنى سېزىۋال، ئۇنىڭغا نىسبەتەن شەپقەتسىز ۋە مۇرەسسەسىز بول!»

ئىسلامجان شېرىپ بەشكېرەمى: «ياشاش سەنئىتى — ئىجادىيەت ۋادد-سى» دىن



قەدىم زاماندا بىر كىشى بار بولۇپ، ئۇ ناھايىتى ئاق كۆڭۈل ئىدى، ھەسەت ۋە كىبىرنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيتتى. پەقەت ئۆز ئەمگىكى بىلەن تاپقان ھالال مېلىدىنلا رىزىقلىنىپ، شۈبھىلىك نەرسىلەردىن ھەر دائىم قاچاتتى. ۋاقتى كېلىپ، ئۇ كىشىنىڭ

www.uyghurkitap.com

مەئىشتى بۇزۇلۇپ، يەيدىغان ھېچنەرسىسى قالمىدى. ئۈچ كۈن ئاچلىق دەردىنى تارتىپ، ئۈچىنچى كۈنى ئۈستەڭ بويىغا كېلىپ ئولتۇردى ۋە كۈتۈلمىگەندە سۇدا ئېقىپ كېلىۋاتقان ئالمىنى كۆرۈپ تۇتۇپ يېدى. كېيىن ئۆزىچە: «ئەي ئەخمەق، سەن ھەر دائىم ھالال يەيتتىڭ، ئۆز قولۇڭ بىلەن تاپقان نەرسىدىنلا غىزالىناتتىڭ، بۈگۈن سەن نېمە ئىش قىلىپ قويدۇڭ ـ ھە؟ نەپسىڭنىڭ كەينىگە كىرىپ، ئالمىنى يەپ، ئەھدىڭنى بۇزدۇڭ!» دەپ ئۆزىنى تەنبىھلىدى. ئارقىدىن ئالمىنىڭ ئۈستەڭگە قەيەردىن چۈشكەنلىكىنى بىلمەكچى بولۇپ، ئۈستەڭ ياقىلاپ ئۆرلەپ ماڭدى. خېلى يول يۈرگەندىن كېيىن، بىر باغقا يېتىپ كەلدى ۋە باغ ئىگىسىگە ۋەقەنى ئېيتتى. باغ ئىگىسى ئۇنىڭغا:

—بىز ئۈچ ئاكا ـ ئۇكىمىز، ئۈچىلىمىزنىڭ بېغىمۇ ئۈستەڭ بويىدا بولۇپ، بۇ ئۈستەڭ ئۈچىلىمىزنىڭ بېغىدىن ئۆتىدۇ. ئەگەر شۇ ئالما مېنىڭكى بولغان بولسا، مەيلى، ئۇنى ساڭا ھالال قىلدىم، —دېدى.

كېيىن ئۇنى مېھمان قىلدى ۋە قوندۇرۇپ قالدى. ئەتىسى تاڭ ئاتقاندا ھېلىقى ئاق كۆڭۈل كىشىنىڭ كۆڭلى تىنماي، ئىككىنچى ئاكىسىنىڭ بېغىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى ۋە ئۇنىڭغىمۇ بولغان ئىشنى

بايان قىلدى. بۇ باغ ئىگىسى ئۇنى تونۇر ئىدى. ئۇنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتۈۋېلىپ مېھمان قىلدى ۋە:

—ئەگەر شۇ ئالما مېنىڭ بېغىمنىڭ بولسا، مەن ئۇنى ساڭا ھالال قىلدىم، —دېدى.

ئاق كۆڭۈل كىشى ئالمىنىڭ قايسى باغنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي كۆڭلى ئارام تاپمىدى. ئەتىسى ئۇزاق يول يۈرۈپ، ئۈچىنچى ئاكىنىڭ ئۆيىگە باردى ۋە ۋەقەنى بايان قىلدى. ئۈچىنچى ئاكا ئۇ. نىڭغا:

—مەن سېنى بىر ھەپتە مېھمان قىلىمەن، ئۇنىڭدىن كېيىن جاۋابىمنى ئېيتىمەن، —دېدى.

ئاق كۆڭۈل كىشى:

—ياق، ئاۋۋال ئالمىنى يېگىنىمگە رازى ياكى نارازى ئىكەنلى. كىڭنى ئېيت، كېيىن نېمە قىلساڭ رازىمەن، —دېدى.

باغ ئىگىسى رەت قىلىپ:

—رازى بولۇش ـ بولماسلىق مېنىڭ ئىختىيارىمدىكى ئىش، شۇڭا خالىغان كۈنۈمدە جاۋاب بېرىمەن، —دېدى.

ئاق كۆڭۈل كىشى:

—بولمىسا ئۇنى ماڭا سات، پۇلىنى تېپىپ ئەكىلىپ بېرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىكىر تارقىتىش

مەن، ــــ دېدى.

باغ ئىگىسى بولسا:

ــــ بىر ئىش بار، شۇنى قىلمىغۇچە رازى بولمايمەن، ــــ دېدى.

ئاق كۆڭۈل كىشى:

ــــ ئۇ قانداق ئىش؟ تېزرەك ئېيت، ــــ دېدى.

ــــ مېنىڭ بىر قىزىم بار، ــــ دېدى باغ ئىگىسى، ــــ ئۇنىڭ كۆزى كۆرمە، قۇلىقى گاس، تىلى گاچا، ئۇنىڭ ئۇستىگە قول ـ ئايىغى ئىشلىمەيدۇ، ئەگەر ئۇنى خوتۇنلۇققا قوبۇل قىلساڭ، شۇ چاغدىلا رازى بولىمەن.

ئاق كۆڭۈل كىشى باغ ئىگىسىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ ناھايىتى ئېغىر ئەھۋالدا قالدى. ئۇنىڭ ھېچكىمى يوق ئىدى. رازى بولماي دېسە، يېگەن ئالمىسى قارنىدا ھەزىم بولمىغاندەك تۇيۇلاتتى. رازى بولاي دېسە، بۇنداق «تەرىپ ۋە تەۋسىپ» كە ئىگە خوتۇن بىلەن ھايات كەچۈرۈش مۇمكىنچىلىكىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى ئويلايتتى. ئاخىر ئۆزىچە: «بىچارە قىزدا نېمە گۇناھ! ئۇمۇ ھايات لەززىتىنى تېتىشى كېرەكقۇ. ساۋاب ئۇچۇن ئۇنى نىكاھىمغا ئېلىپ، بەختىيار قىلىمەن» دەپ ئەھدە قىلدى.

قىزنى ئۇنىڭغا نىكاھلاپ بەردى، ئاق كۆڭۈل كىشى كېچىسى

قىزنىڭ يېنىغا كىردى ۋە ھەيرانلىقتىن قېتىپ قالدى. ئۇنىڭ ئالدىدا چىرايىدا تەڭداشسىز، ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئايدەك سەرۋ قامەتلىك بىر قىز تۇراتتى. ئۇ ئادىشىپ قالغان ئوخشايمەن دەپ ئارقىسىغا قايتتى ۋە بىر چەتتە قاراپ تۇرغان قىزنىڭ ئاتىسىغا دۇچ كېلىپ، ئۇنىڭدىن:

—بۇ ماڭا گېپىنى قىلغان قىز ئەمەسقۇ؟ —دەپ سورىدى.

قىزنىڭ ئاتىسى ئۇنىڭغا:

—ئەي يىگىت، قىزىمدا ھېچقانداق ئەيىب يوق. مەن ئۇنى قارىغۇ دېيىش بىلەن ئۇنىڭ باشقا ئەركەكلەرگە تىكىلىپ قارىمىغانلىقىنى، گاچا دېيىش بىلەن ھېچقانداق ئەدەپسىز سۆزلەرنى قىلمىغانلىقىنى، گاس دېيىش بىلەن پايدىسىز ۋە تېتىقسىز گەپلەرگە قۇلاق سالمىغانلىقىنى، قولسىز دېيىش بىلەن ھېچبىر ھارام نەرسىگە قول تەگكۈزمىگەنلىكىنى، ئاياغسىز دېيىش بىلەن بىرەر نامەقبۇل جايغا قەدەم باسمىغانلىقىنى بىلدۈرمەكچىدىم. شۇنداق پاكىز ۋە ئىپپەتلىك قىزغا سىنىڭدىن باشقا لايىق ئاق كۆڭۈل كۈيئوغۇل تاپالمايدىغانلىقىمغا كۆزۈم يېتىپ، ئۇنى ساڭا تاپشۇردۇم. مېنىڭ شۇ قىزدىن ئۆزگە پەرزەنتىم يوق، پۈتكۈل مال ـ مۈلكۈم سېنىڭكى، بۇگۈندىن تارتىپ سەن مېنىڭ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

بالامسەن، ــــدېدى.

بۇ كىشى شۇنداق ئاق كۆڭۈللۈكى بىلەن ھالاللىقى تۈپەيلى مۇشۇنداق بەختكە ئېرىشتى.

ئىسلامجان شېرىپ بەشكېرەمى: «ياشاش سەنئىتى — ئۆگلۈك ۋادىسى» دىن

سەمىمىي، راستچىل بولۇش تۇرمۇشىمىزدا بەزىدە ئاسانغا چۈشمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ھەقىقىي ئادەم بولۇشنىڭ ئالاھىدە دەرسلىكى، بىز ئەگەر ئۆمۈرۋايەت ئۇنى ئۆگىنىش، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش تەييارلىقىدا تۇرمايدىكەنمىز، ھەتتا كىچىك ۋاقتىمىزدىكى يالغان سۆزدىن كەلگەن بىر دانە ئالمىمۇ بىزنى تۇرمىگە تاشلايدۇ ـ دە، بىز راستچىل بولمىغان تەرەپلىرىمىزگە جەمئىيەت ۋە قانۇن ئالدىدا جاۋابكار بولۇشقا مەجبۇر بولىمىز.

ئىسلامجان شېرىپ بەشكېرەمى: «ياشاش سەنئىتى — ئۆگلۈك ۋادىسى» دىن

**مەجمۇئە ئىسمى :** ھېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى
**كىتاب ئىسمى :**توغرىلىق ۋە راستچىللىق ھەققىدە ھېكمەتلەر
**پىلانلىغۇچى :** مۇرات ئىلى
**باش تۈزگۈچى :** ئادىل مۇھەممەت
**تۈزگۈچىلەر :** ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
ئايشەمگۈل ئايۇپ
جۇرئەت نىياز
بىلىقىز مۇھەممەت
**تەكلىپلىك مۇھەررىر :** ئامىنە كىچىك
**مەسئۇل مۇھەررىر :** ئەنۋەر قۇتلۇق
**مەسئۇل كوررېكتورى :** قەييۇم تۇرسۇن
**نەشرىيات :** شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
**ئادرېسى :** (830000 ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ قورۇ )
**تارقاتقۇچى :** شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
**زاۋۇت :** شىنجاڭ شىنبوۋېن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**فورماتى :** 880×1230 مم 32/1
**باسما تاۋىقى :** 3 باسما تاۋاق
**خەت سانى :** 51 مىڭ خەت
**نەشرى :** 2008 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**بېسىلىشى :** 2008 ـ يىل 8 ـ ئاي 1 ـ قېتىم بېسىلىشى
**كىتاب نومۇرى :** ISBN 978—7—80744—425—1
**باھاسى :** 9.90 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ )